# XYOUTH

新疆青年

يول سۆيەرنى ئەل سۆيەر

پېشۋالار ھۇزۇرىدا

مەدەنىيەت تۇغقان ئىزتىراپلار

گۈزەللىك ھەققىدە

ئەنئەنىۋى قاراشلار



4

1997

# شىنجاڭ ياشلىرى

مىللىي رايون ۋە مىللىي ئۇسلۇب توغرىسىدا

ISSN 1003-9112



# قايغۇلۇق تەزىيە

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى، ھەرقايسى بۆلۈم، بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئامما 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى سۆيۈملۈك رەھبەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى.








(ك. ئىبراھىم خەۋىرى، ھ. ھاجى ئوتۇشى)





جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

# 1997




ياشلىق جىلۋىسى
ئابلىكىم ئەمەت سۈرىتى

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: ماھىلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى چيۈەن

## مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| يول سۆيەرنى ئەل سۆيەر | تۇردى مەتنىياز | 1 |
| مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلايلى | | 5 |
| پېشۋالار ھوزۇرىدا | ئۆمەر رەجەپ | 11 |
| ئاغزاكى تۈزۈلگەن سېتىۋېلىش - سېتىش كېلىشىمى ئىقتىسادىي توختام بولامدۇ | | 15 |
| ئۆسمۈر باللاردىكى ئىلمىي ھەۋەس ئىختىساسلىق بولۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى | روزىمۇھەممەت ئابلىكىم | 17 |
| مەدەنىيەت تۇغقان ئىزتىراپلار | ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت | 19 |
| مىللىي رايون ۋە مىللىي ئۇسلۇب توغرىسىدا | ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت | 21 |
| گۈزەللىك ھەققىدە ئەنئەنىۋى قاراشلار | | 25 |
| ئۆتكۈر ئەپەندى قوللانغان تەخەللۇسلار | كېرىمجان ئابدۇرېھىم | 33 |
| مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيلەشتىكى رولى | مەخسۇت ھېيت | 39 |
| — ۋاراتاغا توپ تېپىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا | ئابلىمىت ئابدۇراخمان | 45 |
| ئوقۇتقۇچىدا نېمە گۇناھ | سۇلتان مامۇت | 52 |
| ئامېرىكا زوڭتۇڭلىرى ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭلار | | 55 |
| مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم (نەسر) | ئابدۇرېھىم ھەكىمى | 58 |
| غەزەل | ئابدۇرېھىم زۇنۇن | 60 |
| قۇياش مېنى سۆيدى ئانامدەك | مۇساجان يۈنۈس | 61 |
| مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە | چەت ئەل مەنزىرىسى | |


سىياسىي، لەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(مۇئاۋىن بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم، گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىرى: ئى. ئىبراھىم، ھ. ھاجى)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

كىشىلەر ئىدىيۋى جاپادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەمىشە ۋاقىتلىق تەدبىرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

ناۋادا بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا خاتالىقمۇ سىزگە پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى سىز خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغاندا، ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتى كۆچىيىپلا قالماستىن، ئۆزىڭىزنىڭ ئىپتىخارىمۇ كۈچىيىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ساڭا بېرىدىغان باھاسىدىن غەم يەپ يۈرگىچە، ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلار ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ئىشلارنى ئورۇندىغىن.

ھەرقانداق ئىشتىن مەيۈسلەنمىگىن، ئۇنى پەقەت داۋاملاشتۇرغىنكى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋاز كەچمە، بۇ كۆپ ساندىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ تاكتىكىسى.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بىلەن مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ يەردىكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ھەمىشە خاتالىقتىن نەپ ئالالايدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەكرار ئىزدىنىدۇ.

سەن بۇ دۇنيادا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشۇڭ مۇمكىن، ئەمما سەن ئىشلىشىڭ كېرەك، بىرەر ئىشنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئاتلىنىشىڭ ھەمدە بەدەل تۆلەشكە رازى بولۇشۇڭ كېرەك.

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

سەن ھاياتىڭدىن بىزار بولدۇڭمۇ؟ ئۇنداق بولسا، سەن ئۆزۈڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئىشنىپ كەلگەن خىزمەتكە بېغىشلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بول، مۇشۇنداق قىلساڭ، ئەسلىدە ھەرگىز ساڭا نېسىپ بولمىغان خۇشاللىققا ئىگە بولىسەن.

باشقىلارغا كۆيۈنگەن كىشى ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھەر كۈنى ساۋابلىق بىر ئىش قىلساڭ، كىشىلەر يۈزىدە خۇشاللىق تەبەسسۇمى پەيدا بولىدۇ.

سەن ئالماقچى بولغان نەرسىنى ساڭا بېرىش سېنى ئىشقا سېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلىدۇر.

كىشىنى قاقاقلاپ كۈلدۈرسەڭ، دوستلۇق يولىنى ياسىغان بولىسەن. بىر كىشىنىڭ سەن بىلەن بىللە كۈلۈشى ئۇنىڭ سېنى مەلۇم دەرىجىدە ياقتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر ئۆزۈڭ خاتا قىلغان بولساڭ ناماقۇل بول، بۇ سەندىكى ئەڭ گۈزەل پەزىلەت.

بىز ھەمىشە كۈنىمىزنىڭ ئازلىقىدىن قاقشايمىز، لېكىن بىز ھەرىكەتكە كەلسەك، بۇ كۈنلەرنىڭ ئالدىمىزدا پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىققا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالىمىز.

ئەجرىم بىكارغا كەتمىسۇن، دەپ قارىساڭلا زادى يېڭىلمەيسەن، ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئۇلۇغۋار نىشان بولۇش ھەمدە ئۇنى قابىلىيەت بىلەن قەيسەرلىك ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. (دالى كارنېگ ) (03)

(يۈسۈپجان ئىمىن جەۋلانى تەييارلىغان)



## يول سۆيەرنى ئەل سۆيەر

★ تۇردى مەتنىياز ★

5 199 - يىلى 2 - ئايدا، خوتەن تاشيول باش ئۆچاستكىسىغا قاراشلىق نىيە تاشيول ئۆچاستكىسىدا ئۆچاستكا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان داۋۇتجاننىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون» — قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستكىسىغا يۆتكىلىپ كېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

- داۋۇتجان، - دېدى ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى - تاشيول سېپىدە ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا ئۇزۇن بولدى. سىز بارمىغان جايلارمۇ ئاز قالدى. ئەمدى يۆتكەلسىڭىز قانداق بولار، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن، بالا - چاقىڭىز خوتەندە تۇرسا.

- ئاداش، - دېدى ئۇنىڭ يەنە بىر ئاغىنىسى، - نىيە تاشيول ئۆچاستكىسىدا ئىشلەپ، شارائىتى جاپالىق، ناچار ئورۇننى ئۆزگەرتتىڭلا، تارتقان جاپايىڭلىمۇ ئاز ئەمەس، ئەمدى شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىدا ئىشلەپ نېمە جاپالارنى تارتارسىلە. ياخشىسى، بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار.

- ياخشى كۆڭلۈڭلىگە رەھمەت. مەن بىر تاشيولچىنىڭ ئوغلى، كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ۋە خەلق مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. توغرا، ئۇ يەرنىڭ ئىشلىرى جاپالىق، خېيىم - خەتىرى كۆپ. بىراق ماڭا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ بېرىپ ئىشلىشىگە ئېھتىياجلىق. تەشكىل ئورۇنلاشتۇرغان يەرگە باراي، - دېدى سەممىيلىك بىلەن داۋۇتجان.

قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستكىسىدا 1000 دىن كۆپرەك ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ 300 نەچچە كىشى ئىدى. تاشيول ئىشچىلىرى دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتر ئېگىز قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارىسىدا، ئادەم ئاياغ باسمايدىغان قار - مۇزلۇق جايلاردا ئىشلەيتتى، يېڭى كۆكتات، قىزىقراق تاماق يېيەلمەيتتى. ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالسا تۇزۇكرەك دوختۇر، دورا تاپقىلى بولمايتتى. ئاسرايدىغان يول يۈزمۇ كۆپىنچە شېغىل يېيىلغان يول ئىدى. شارائىت باشقا تاشيول ئۆچاستكىلىرىغا قارىغاندا راستىنلا جاپالىق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

داۋۇتجان بۇلارنى ئويلاپ بىر نەچچە كېچە تۈزۈك كىرپىك قاقمىدى. ئۇ كەسكىن مىجەزلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك ياش رەھبەر ئىدى. «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس» دېگەندەك ئېيتقان سۆزىدىن يانمايتتى، ئويلىغىنىنى



قىلماي قويمايتتى.

«شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى، - دەيتتى داۋۇتجان ئۆز - ئۆزىگە، - ئادەتتىكى يول ئەمەس، بەلكى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدا ستراتېگىيىلىك ئورۇن تۇتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم يول، شىنجاڭ - شىزاڭ خەلقلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان رىشتە، ئارمىيە - خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن كۆۋرۈك. شۇڭا بۇ يولنى ئاسراش، ياخشى باشقۇرۇش شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك خىزمەت» داۋۇتجان ئويلىغانلىرىنى پارتكوم شۇجىسىغا ئېيتىپ، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇردى. بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتكوم ۋە مەمۇرىيەتتىكى باشقا مەسئۇل يولداشلارمۇ داۋۇتجاننىڭ پىكرىگە بىردەك قوشۇلدى ۋە خىزمەتتە زىچ ماسلاشتى. داۋۇتجان قاغىلىق باش ئۇچاستىكىسىغا كەلگەن بىر يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، داۋبەنلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرالغۇ ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، 150 ئائىلىنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. يۇقىرى بېسىملىق تاماق قازىنى كونىراپ كەتكەن ياكى يوق داۋبەنلەرگە يۇقىرى بېسىملىق تاماق قازىنى ھەل قىلىپ بەردى. سۇ توشۇپ ئىچىدىغان داۋبەنلەرگە سۇ تۇڭى، تېلېۋىزور يوق داۋبەنلەرگە تېلېۋىزور سەپلەپ بەردى. «ئىشچىلار ئائىلىسى» قۇرۇلغان داۋبەنلەرنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇقلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ باش ئۇچاستىكىدىكى كادىر ۋە ئىشچىلار داۋۇتجاننىڭ ئىسلاھات روھىغا باي، شىجائەتلىك، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەش روھىدىن تەسىرلىنىپ:

- ئۇچاستىكىدا باشلىقىمىز راستىنلا بىز ئىشچىلار بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش ئىكەن، ئەسلىنى ئۇنتۇمىغان ياخشى ئەۋلاد بولۇشقا، تاشيولچىلارنىڭ قابىل باشلامچىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن، دېيىشتى.

«دۇنيادا سەۋەبسىز مۇھەببەتمۇ، سەۋەبسىز نەپرەتمۇ بولمايدۇ.» داۋۇتجاننىڭ تاشيولنى، تاشيول ئىشچىلىرىنى مۇنچە ياخشى كۆرۈشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس. 1972- يىلى ئۇ كىچىك تۇرۇپلا كورلا تاشيول باش ئۇچاستىكىسىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ دادىسى تۇردىئاخۇن ئاكا پېشقەدەم تاشيول ئىشچىسى ئىدى. داۋۇتجان بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ تاشيولدا مۇدىرۇپ - سوقۇلۇپ چوڭ بولغان. دادىسىنىڭ «يول ياساش، يول ئاسراش ساۋابلىق ئىش، خاسىيەتلىك خىزمەت، بۇ خىزمەتنى ھەرگىز ئادەمدىن چاغلىما، يول دېگەندىن پۇقرامۇ، پادىشاھمۇ ئۆتىدۇ...» دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. شۇڭا ئۇ قولىغا گۈرجەك ئېلىپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ قايتتى. قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ۋايىسماي ئۆزىنىڭ غەيرەت- جاسارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي تەكتۈشلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى كونا ئىشچىلار قاتارىدا ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈپ رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. گۇرۇپپا باشلىقى، ستاتىستىكچى، ئۇ چاستىكا باشلىقى بولۇپ 12 يىلنى ئۆتكۈزدى. 1984 - يىلى ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن چېنىقىپ، تولپاردەك چاپچىپ تۇرغان چاغلىرى ئىدى. تەشكىل ئۇنى كورلىدىن خوتەن تاشيول باش ئۇچاستىكىسىغا يۆتكىدى. تاشيول سېپىدىمۇ ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنىڭ شەرق شامىلى چىقىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتاتتى. داۋۇتجان خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، باش ئۇچاستىكا مەسئۇللىرىغا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، كۆپرەك بىلىم ئىگىلەپ كېلىش تەلىپىنى قويدى. شۇنداق قىلىپ داۋۇتجان بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنىنىڭ يول كۆۋرۈك كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. تۆت يىللىق مەكتەپ ھاياتى ئۆگىنىشكە پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنى - خوتەن تاشيول باش ئۇچاستىكىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى چىرا، كېرىيە ناھىيىلىرى ئارىسىدىكى تاشيولغا ماي ياتقۇزۇش

خىزمىتىگە ئەۋەتتى. داۋۇتجان نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە چېدىر ئۆيلەردە يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، كەچ قايتىپ، ۋەزىپىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنداپ قايتىپ كەلدى.

1991 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن تاشيول باش ئۆچاستىكا رەھبەرلىكى داۋۇتجاننى تېخىمۇ چېنىقتۇرۇپ، يارامىلىق رەھبەرگە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە نىيە تاشيول ئۆچاستىكىسىغا ئۆچاستىكا باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنى ئۆستى، زىممىسىدىكى يۈك ئېغىرلاشتى. لېكىن ئۇ تاشيولنى ماھارەت كۆرسىتىشنىڭ ياخشى سەھنىسى دەپ بىلدى. شۇڭا ياشلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنى تاشيول ئاسراش، قارىماي ياتقۇزۇش، يوللاردىكى كاشىلىلارنى تۈگىتىپ يولنى راۋانلاشتۇرۇشقا سەرپ قىلىپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى چۆل- جەزىرىلەردە ئۆتكۈزدى. ئىشچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، تاشيولغا قان - تەر ئاققۇزدى. بىر قولدا يول ئاسراشتىن ئىبارەت ماددىي مەدەنىيەتنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتتى. ئۇچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ داۋبەنلەردە كۆكتاتتا، مېۋە - چېۋىدە ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىش، باغ- ۋارانلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشچىلارغا بىر ياخشى خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتى ھازىرلاپ بەردى.

جاپالىق خىزمەت مېۋە بەردى. تۆت يىل ئىرىشىش ئارقىلىق نىيە تاشيول ئۆچاستىكىسى خوتەن تاشيول باش ئۆچاستىكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن بولۇپ تەقدىرلەندى. داۋبەن «مەملىكەت بويىچە ئىلغار داۋبەن» دېگەن شان - شەرەپكە ئېرىشتى. ئۇ يېتەكلىگەن نىيە ئۆچاستىكىسىدىكى ئىشچىلار سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندى.

«باسمەن ئالغا قاراپ ھەرقانچە زور بولسۇن خەتەر». ئۆتكەن يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە داۋۇتجان قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستىكا ئۇرگىنىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى باشلاپ يەنە بىر قېتىم تاغقا — يول ئاسراش ئىشچىلىرىدىن ھال سوراش، خىزمەت تەكشۈرۈشكە چىقتى. ئۇ خىزمەت تەكشۈرۈپ 509- كىلومېتىرلىق لېيىنىگە كەلگەندە قاتتىق چارچاپ، ئېگىزلىك ھاۋاسىنىڭ تەسىرىدىن تۇساتتىن يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ بولالماي قالدى. ھەمراھلىرى ئۇنى چۈشۈپ كېتىشكە دەۋەت قىلغاندا قەتئىي ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادىتى بارلىقىنى بىلگەن يولداشلىرى ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈپ، بىر پەس ئارام ئالدۇردى. كېسىلى ياخشىلانغاندىن كېيىن يەنىلا سەپەرنى داۋاملاشتۇردى...

داۋۇتجان تۇردى باش ئۆچاستىكا خىزمەتلىرىدە ئۆتكەن يىل يېگى بۇرۇلۇش ياساش ئۈچۈن «ئالتە جەھەتتە بۆسۈش» ھاسىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەپ، باش ئۆچاستىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي تېخنىكا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە تۇتتى. 30 نەچچە ئىشچىنى تاللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. كۇرس ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىر تۈركۈم ئىشچىنى تاشيول ئاسراش كەسپى بويىچە تەربىيىلىدى. 100 گە يېقىن ياش ئىشچى- خىزمەتچى قاتناش نارازىتى، تاشيول ئىدارىسى ئاچقان ھەر خىل شەكىلدىكى كۇرسلارغا قاتناشتۇرۇلدى.

تاشيولچىنىڭ ئەزىمەت ئوغلى، تاشيولچىلارنىڭ سىرداش دوستى داۋۇتجان تۇردى تاشيولدا ئۇزۇن- تىنىمسىز ئىشلەپ، قەيەرگە تېرىسا شۇ يەردە بىخ سۇرۇپ مېۋە بېرىدىغان ئېسىل ئورۇقتەك ئەلنى رازى قىلدى. مەن ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلقە، پارتىيىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى مۇشتىرىلارغا تەقدىم قىلىشنى لايىق تاپتىم:

يول مېنىڭ ماكانىم، يول مېنىڭ تەختىم،
يولدىدۇر بىر ئۆمۈر شادلىقىم، بەختىم.
يول سۆيۈپ تۇغۇلدۇم، يول ئاسراپ ئۆستۈم،
ئەھدىم شۇ: تاشيولغا بارلىقىم تەقدىم. (04)



# دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئون كۆز قاراش

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ 1977 - يىلى 5 - ئايدا، «پارتىيە ئىچىدە چوقۇم بىر خىل كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەت قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچى، 1978 - يىلى 12 - ئايدا «بىر قىسىم رايون، بىر قىسىم كارخانا، بىر قىسىم ئىشچىلار، دېھقانلارنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق كىرىمىنى كۆپەيتىپ، تۇرمۇشىنىڭ ئاۋۋال ياخشىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچىنچى، 1979 - يىلى 4 - ئايدا «ئاسان ئۇنۇم بېرىدىغان، پايدىلىق بىر پارچە يەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى (ئالاھىدە رايون) دەپ ئاتاش»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆتىنچى، ئۇ 1980 - يىلى 8 - ئايدا، ئىتالىيە مۇخبىرىنى قوبۇل قىلغاندا «سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش»تىن ئىبارەت سىياسىي ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بەشىنچى، 1982 - يىلى 9 - ئايدا، پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش» نى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئالتىنچى، 1982 - يىلى 9 - ئايدا، دېڭ شياۋپىڭ ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى ساچېر خانىم بىلەن سۆھبەتلەشكەندە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يەتتىنچى، ئۇ 1984 - يىلى 9 - ئايدا «ئۇچۇر بايلىقى مەنبەسىنى ئېچىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

سەككىزىنچى، دېڭ شياۋپىڭ 1985 - يىلى 10- ئايدا «پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

توققۇزىنچى، ئۇ 1988 - يىلى 9 - ئايدا، «پەن- تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئونىنچى، دېڭ شياۋپىڭ 1992 - يىلى 1 - ئايدا ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش خىزمىتى جەريانىدىكى ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلىشنى يەنى: سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (06)

(ئابدۇۋېلى قاسىم. ت)

لازىم.

**1. بازار ئىگىلىكى مەنپەئىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ تەخىرسىزلىكى گەۋدىلەنمەكتە.**

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر بازار ئىگىلىكى مەنپەئىتىنىڭ پېشاڭلىق رولى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاشتىن ئىبارەت، ئىدىيىۋى ئەخلاق بولسا بازار ئىگىلىكىدە ئاجىزلاپ كەتتى، شۇڭا، مەنپەئەتنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىشىشى نورمال ئەھۋال، ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىلگىرىلىشى ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىشىش ۋە چېكىنىش بەدىلىگە بولىدۇ، دەپ قاراشتى. بۇ يەردە مۇنداق بىر كەسكىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەخلاقنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى پەقەت ئېشىش بىلەن ئاجىزلىشىش مۇناسىۋىتىدە بولامدۇ؟

مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە ئەركىن رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ماددىي مەنپەئىتىنى ئېتىراپ قىلىش، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ماددىي مەنپەئەت ئارقىلىق قوزغاپ، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، تاۋاردا ماددىيلاشقان قىسمەن ئەمگەك ۋاقتىنى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەكتىن تۆۋەنلىتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدۇ. مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بازار ئىگىلىكىنىڭ زۆرۈرىيىتى، مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بولمىسا، بازار ئىگىلىكى بولمايدۇ. مەنپەئەتنىڭ



## مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلايلى

**— «جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» ماقالىسى**

» ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىش شارائىتىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇشكۇل تارىخىي بۇرچى» ھەمدە «ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش» ئىكەنلىكى ئالاھىدە كۆرسىتىلدى.

بۇ قارار ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايمىز.

دېمەك بىز ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئايرىۋەتمەسلىكىمىز

تۈرتكىسىنى قايرىپ قويۇش بازار ئىگىلىكىنى باسقانلىق بولىدۇ. هازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش بولۇپ، تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇش، كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ئېلىشنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، كارخانا ئىگىلىكىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقىنى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتى بىلەن چېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

هازىر كىشىلەر بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن گۈللىنىش ۋە ئىلگىرىلەشلەردىن خۇشال بولۇش بىلەن بىرگە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي كېسەللىكلەردىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ، بەزىلەر بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بازار ئىگىلىكىگە ئارتىپ، ھەممىسى بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن كېلىپ چىقتى، دەپ قاراشماقتا. ئەمەلىيەتتە، بۇ كېسەللەرنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىدە بولماستىن بەلكى بازار ئىگىلىكىدىكى مەنپەئەت تۈرتكىسىنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇن كۈچى تەرىپىدىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلمىغانلىقىدا.

**2. بۈگۈنكى ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قىياپىتىگە تەرەققىيات نەزەرى بىلەن ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىش كېرەك.**

پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەرقانداق خىزمەتتە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، قائىدە، پرىنسىپ، سۇبيېكتىپ ئارزۇنىلا چىقىش قىلماسلىق كېرەك.

جۇڭگو ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات مەركىزى ۋە ئۇرغۇن جايلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈشىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى كۈچلۈك، پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى ھىمايە قىلىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالايدۇ؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى قەدىرلەيدۇ، ئەمەلىيەتكە ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شەكىلۋازلىقنىڭ يالغان، قۇرۇق نەرسىلىرىدىن يىرگىنىدۇ؛ «ئەلالىرى ئۈزۈپ چىقىش، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىش» تەك رىقابەت قارىشى خېلى ئۆسۈۋاتىدۇ. يېڭى بىلىم ۋە يېڭى ماھارەت ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈۋاتىدۇ؛ ئۇلار بازار ئىگىلىكى دېڭىزىدا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەشتەك ئىگىلىك يارىتىش روھىغا ئىگە، كونا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالمايدۇ، ئالغا باسالايدۇ، يېڭىلىق يارىتالايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش روھى كۈنسايىن ئېشىپ، يۆلىنىۋېلىش ئېڭى خېلى ئاجىزلاۋاتىدۇ. ئۇلار سۇبيېكتىپ ھەرىكەتچانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مانا مۇشۇ بەش چوڭ ئالاھىدىلىك مۇشۇ بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىدا خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىلگىرىلەشلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسكىن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدا ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئالاقىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقان تەرەپلىرىنىمۇ يوشۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتتىكى ئىپادىلەر ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) قىممەت يۆزلىنىشى قالايمىقان؛ (2) مەسئۇلىيەت ئېڭى سۇس؛ (3) ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ئۆلچىمىنى يوقاتقان؛ (4) ئېستېتىك زوقىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن.

ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قىياپىتىگە تەرەققىيات نەزەرى بىلەن ئومۇميۈزلۈك باھا بەرگەندە، ئۆسۈشىمۇ، تۆۋەنلەشىمۇ بار دېيىشكە بولىدۇ. ئۆسۈش دېگىنىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەۋر دولقۇنى بىلەن ماسلىشىشتەك ئىلگىرىلەش ئەخلاقى راسا جارى قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. تۆۋەنلەش دېگىنىمىزدە ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشى يېتەرلىك ئەمەس. ئالدىنقىسى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئۆزىنى كۈچەيتىش روھىنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. دەل مۇشۇنداق ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسىنىڭ بولغانلىقىدىن، ياشلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئايلىنىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە، كېيىنكىسى ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۈگۈنكى ياشلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئالغا ئىنتىلىش روھىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز ۋە داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز رەۋىشتە زەربە

بەرمەسلىكىمىز ۋە باسماسلىقىمىز كېرەك.

**3. ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق بىلەن ھازىرقى زامان روھىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىدىكى يېڭى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.**

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ياشلاردا قانداق ئىدىيىۋى ئەخلاق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم؟ «غەربلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى» دۆلىتىمىز ئەمۋالىغا خىلاپ، «قايتۇرۇپ كېلىش نەزەرىيىسى» دەۋرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، چىقىش يولى يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. بىز دەۋاتقان ئەخلاقتا يېڭىلىق يارىتىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە باب كېلىدىغان ھەم سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىدىيىۋى ئەخلاقنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

«جاھاندا ھەممىنىڭ ئالدى بولۇشقا جۈرئەت قىلىش» تەك يېڭىلىق يارىتىش قارىشى، «ئەلالىرى غەلىبە قىلىش، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىش»تەك رىقابەت قارىشى، يېڭى بىلىم ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلىشتەك پەن-تېخنىكا قارىشى، پايدىغا ئەھمىيەت بېرىشتەك ئۈنۈم قارىشى ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشتەك ۋاقىت — ئۈنۈم قارىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە. ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇشۇنداق يېڭى قاراشلار بىلەن بىرىكتۈرۈلگەندە، بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىدىيىۋى ئەخلاقنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

بۇ خىل يېڭى ئىدىيىۋى ئەخلاق كەيپىياتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيىنى يادرو قىلىپ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى، مەجبۇرىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى، رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى، ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىش بىلەن ئىنتىزامچان بولۇشنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل يېڭى ئىدىيىۋى ئەخلاق كەيپىياتى ياشلارنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئىنتىلىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. لېكىن ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەشتەك ھەممىدە پۇلنى كۆزلەشنى ئەيىبلەيدۇ. ياشلارنى رىقابەتكە قاتنىشىشقا ۋە غەلىبە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. لېكىن ھارامزادىلىك، ئۇزۇمىگە سوقۇشتۇرۇشتەك ناتوغرا ۋاستىلەرنى ئەيىبلەيدۇ، سەممىي بولۇش، ھەمكارلىشىشتەك ئادىل رىقابەت قارىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىشتەك ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىنى قوۋۋەتلەيدۇ. لېكىن ئەخلاق ۋە قانۇن - تۈزۈم مىزانلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك ئۆز بېشىمچىلىقنى ئەيىبلەيدۇ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەن ئىنتىزامچان بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشتەك تەربىيىلىنىش قارىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ياشلارنىڭ خاراكتېرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆز قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنى ئەيىبلەيدۇ. خاراكتېر تەرەققىياتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىردەك قىلىش، ئۆز قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي قىممەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك قىممەت قارىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ياشلاردا بۇ خىل ئىدىيىۋى ئەخلاق كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈلسە ۋە جارى قىلدۇرۇلسا، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كىشىلەرنى رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنىڭ، ئۆزئالدىغا ئىش كۆرۈش بىلەن نازارەت قىلىشنىڭ، ئۈنۈم بىلەن ئادىل بولۇشنىڭ، ئالدىن بېيىش بىلەن تەڭ بېيىشنىڭ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەپ، پايدىنى كۆرسە ۋىجداننى ئۇنتۇشقا، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەشكە قارشى تۇرۇپ، دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن خەلق مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ھەم پۇقرالارنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشتەك سوتسىيالىستىك مەجبۇرىيەت ۋە مەنپەئەت قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش، ساغلام، تەرتىپلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمۈش قېلىپىنى شەكىلللەندۈرۈش لازىم.» دېگەن تەلەپكە يەتكىلى بولىدۇ. (02)

(لېغمەت ئابلىمىت. ت)

(قەيۇم ئابدۇقادىر فوتوسى)



تەھرىرى:02
(گەسەت مەسئۇدى)

# مېھنەت ۋە مېۋە

★ ئەنۋەرجان مەتنىياز ★

مەكىت ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ زاپاس قوشۇنلۇق رولىنى، شۇنداقلا ھەرمىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

بۇ ناھىيىدە 17 ئىتتىپاق كومىتېتى، 261 ئىتتىپاق ياچېيكىسى، 5030 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ، ئىتتىپاق ئەزاسى ناھىيىدىكى ياشلارنىڭ 22 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئالدى بىلەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا-قىشلاقلاردىكى 30 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سالدى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلالمىغان ئۈچ ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئالماشتۇردى. ئاتېئىزم تەربىيىسى ۋە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى توغرىسىدا دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق ياشلارنى غايىلىك، ئىنتىزامچان يېڭى ياشلاردىن قىلىپ يېتىشتۈردى. تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، ئىتتىپاق كادىرلىرىنى پىلانلىق تەربىيىلىدى، ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىقىغا تاللاپ ئۆستۈردى. ئىتتىپاق تەشكىلىگە ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى ئارىسىدىن پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، 1800 دىن ئارتۇق ياشنى ئىتتىپاققا قوبۇل قىلدى، 334 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسىنى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبيېكتى قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن 122 نەپىرى شەرەپ بىلەن پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

بۇ ئىتتىپاق كومىتېتى يەنە ناھىيە بويىچە «ئۈچىنى سۆيۈش»، «ئۆز ئارا ياردەم بېرىش»، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. 20 نەچچە ئورۇندا ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ «خالىسانە خىزمەت قىلىش گۇرۇپپىسى»، 50 ئورۇندا «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» قۇردى. بۇنىڭغا 4000 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياش قاتنىشىپ، 1300 ئادەم (قېتىم)گە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىللىقلىق يەتكۈزدى.

ئۆتكەن يىلى قانات يايدۇرۇلغان «ياشلار پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش ماھىرلىرىدىن بولۇش» مۇسابىقە پائالىيىتىگە 5000 غا يېقىن ياش ۋە ئىتتىپاق ئەزاسى قاتناشتى. يىل ئاخىرىدا 75 نەپەر ياش ناھىيە ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن «بېيىش ماھىرى» بولۇپ تاللىنىپ تەقدىرلەندى. 600 مو كۆلەمدە ئورمان بەرپا قىلىپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ياشلار كۆكەرتىش بازىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى. يېقىندا يەنە بۇ ئىتتىپاق كومىتېتى ۋىلايەت تەرىپىدىن «تارىم غۇنچىلىرى» ۋە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى توپلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. (04)

# قىزىقىش - غايىنىڭ ماگنىتى

قىزىقىش ۋە ھەۋەس مەلۇم ئىشنى تەكشۈرۈش ياكى مەلۇم پائالىيەتنى ئىلىپ بېرىشتا كىشلەرنى يېتەكلەيدىغان كۈچ، شۇنداقلا بىر خىل ئاكتىپ ئاڭ مايىللىقى. بۇ دېگىنىمىز، سىز ناۋادا مەلۇم ئىش، ھەرىكەتكە قىزىقسىڭىز، ئاڭلىق، ئاكتىپلىق بىلەن ھېرىپ- چارچاشنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنى تەتقىق قىلىسىز، ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن ئۇ پائالىيەتكە قاتنىشىسىز.

ئېينىشتېيىن كىچىك ۋاقتىدا ئەقىل كۈچى كېچىكىپ يېتىلگەن بالا بولۇپ، ئانچە ئەقىللىق ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ تەبىئىي پەنگە قىزىقاتتى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى سىرلارغا كۈچلۈك ھەۋەس قىلاتتى، بولۇپمۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇ تۆت - بەش ياش ۋاقتىدا، دادىسى بىر كىچىك كومپاسنى ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ كومپاس سترېلكىسىنىڭ تىنىمسىز تىترەپ تۇرىدىغانلىقىنى، دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ كومپاسنى ئۆرۈپ باقىدۇ، قايتا - قايتا ئايلاندۇرىدۇ، سترېلكا باشتىن- ئاخىر شىمالنىلا كۆرسىتىدۇ. ئېينىشتېيىن بۇنىڭدىن ھەيران قالىدۇ. ئۇ، قانداق كۈچ ئۇنى شىمالغىلا توغرىلاپ تۇرىدىغاندۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە قانداق نەرسە يوشۇرۇنغاندۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇ كىچىككىنە كومپاس ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئېينىشتېيىن مۇشۇ ئىشنى ئەسلەپ، بۇنىڭ بىلىش جەريانىدا يولۇققان تۇنجى ئاجايىپ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئېينىشتېيىن يولۇقتۇرغان ئىككىنچى مۆجىزە ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بولىدۇ، ئۇ تاسادىپىي تەكشىلىك گېئومېترىيىسى دەرسلىك كىتابىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ - دە، ئۇنى باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ چىقىدۇ، كىتابنىڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كېتىدۇ. ئۇ بىر ياقتىن ئۆگىنىپ، بىر ياقتىن پىكىر يۈرگۈزىدۇ، كىچىك تۇرۇپلا ئانالىتىك گېئومېترىيە، چەكسىز دەرىجىلىك سان، دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال ھەمدە نەزەرىيىۋى فىزىكا قاتارلىق نۇرغۇن ئاساسىي نەزەرىيىلەر بىلەن



تونۇشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زېھنى ئۇچقاندەك ئۆلغىيىپ بارىدۇ. گېئومېترىيە ئىلمى پەيدا قىلغان بۇ خىل كۈچلۈك قىزىقىش، ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات يولىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئېينىشتېيىن 14 ــ 15 ياش چاغلىرىدا، ئالىي ماتېماتىكا ئۆگىنىشنى ئاللىبۇرۇن باشلىۋەتكەن ئىدى. ساۋاقداشلىرى تەڭ تەرەپلىك ئۈچ بۇلۇڭنى ئۆگىنىۋاتقاندا، ئۇ دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال دېگىزىدا بەھۇزۇر ئۈزۈپ يۈرەتتى. بەزىدە ھەتتا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا لام- جىم دېيەلمەي قالاتتى.

ئېينىشتېيىن تەڭ دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخى بويىچە سيۇرىخ فېدېراتىپ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەندىن كېيىن، پەلسەپە، تەبىئىي پەنگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگەن مۇستەقىل ئۆگىنىش قابىلىيىتى بۇ چاغدا قايتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئۇ، يىللىق، مەۋسۇملۇق، ئايلىق ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ، كۈچلۈك تەشنالىق بىلەن ئالدىنقى ئەۋلاد ئالىملار ياراتقان ئىلىم- پەن نەتىجىلىرىنى ئىگىلىدى. ئۇ تەدرىجىي فىزىكا ئىلمىغا قىزىقىپ قالدى ھەمدە ئۇنى بېرىلىپ ئۆگەندى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ نامرات تۇرمۇش شارائىتىدا يەنىلا بەل قويۇۋەتمەي ئىزچىل پەن - تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ فىزىكا ئىلمىغا بولغان قىزىقىشى گويا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا مەپتۇن بولۇش دەرىجىسىگە يېرىپ بەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرمۇشتىكى نامراتلىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. 1905 - يىلى، ئۇ يۈرەكلىك ھالدا نيوتوننىڭ نۇر سۈرئىتى ئۆزگەرمەيدۇ دېگەن پرىنسىپى بىلەن نىسپىيلىك پرىنسىپىدىن ئىبارەت ئىككى مېخانىكا قائىدىسىنى بۆسۈپ، تارمەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، فىزىكا ئىلمىنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى. ئېينشتېين بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى ئۇ كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك قائىدىسى ھەققىدە ئىزچىل ئىزدەندى. كۆپ يىللىق جاپالىق تەتقىقات نەتىجىسىدە، ئۇ ئاخىرى 1915 - يىلى ماتېماتىك گراسمان بىلەن بىرلىكتە كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك قائىدىسىنى ياراتتى. كېيىن بۇ قائىدە نۇرغۇن ساھەلەردە قوللىنىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى نەزەرىيىلەر ئاتوم ئېنېرگىيىسىدە پايدىلىنىلدى ھەم لازېر نۇرى تېخنىكىسىغا نەزەرىيىۋى ئاساس بولدى.

ئېينشتېيننىڭ تالانتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بىراق، شان - شەرەپ، پۇل، ئورۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى جەلپ قىلالمىدى، ئۇنىڭ قىزىقىشى يەنىلا فىزىكا ئىلمى تەتقىقاتىدىن چەتنىمىدى. رادىئو ئىستانسىسى ئۇنى مىنۇتىغا 1000 ئامېرىكا دوللىرىلىق يۇقىرى ھەق بىلەن نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ بۇنى رەت قىلدى؛ دوستلىرى ئۇنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرماقچى بولغاندا، ئۇ بىر قانچە كۈن ئىلگىرىلا يوشۇرۇنۇۋالدى؛ رەسسام ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىققاندا، ئۇ بۇنى كېزىتتە ئېلان قىلىشقا قەتئىي قوشۇلمىدى. چۈنكى ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قىزىقمايتتى.

ئېينشتېين فىزىكا ئىلمىدا قانداق قىلىپ غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى؟ ئۇنىڭ ئىلىم- پەن تەرەققىياتى ئىشلىرىغا ئىجتىھات بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، ھوقۇققا بېرىلمەسلىكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئىلمىي پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ فىزىكا ئىلمىغا بولغان قويۇق قىزىقىشىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىل ئىدى. قىزىقىش، ئۇنى فىزىكا ئىلمىنىڭ دەرۋازىسىغا باشلاپ باردى، قىزىقىش، ئىزدىنىش داۋامىدا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىغا ئىلھام بەردى ھەمدە ئىرادە تىكلەپ، پۈتۈن دىققىتىنى سەرپ قىلىپ، قەتئىي بوشاشماي ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، قىزىقىش شەكىللىنىش ئوقۇغۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ بىزنى ئىزدىنىشكە، ئۆگىنىشكە، ئىجاد قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. ئەكسىچە، قىزىقىش بولمىسا تەتقىقات ئاكتىپلىقى بولمايدۇ، ئىجادچانلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتى تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، قىزىقىش قانداق شەكىللىنىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق شەيئىگە بولغان قىزىقىشى تەبىئىي، تۇغما بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەدرىجىي يېتىلىدۇ. مەسىلەن، سىز بىر دەرسكە قىزىقمايسىز، ئەمما تىرىشىپ ئۆگەنسىڭىزلا، بېرىلسىڭىزلا نەتىجە قولغا كېلىش بىلەن ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىسىز؛ ئۆگىنىشكە داۋاملىق چوڭقۇر چۆكۈش ئاساسىدا بىلىم تەدرىجىي كۆپىيىدۇ، قىزىقىشىمۇ كۈنسايىن قويۇق تۈس ئالىدۇ؛ بۇ چاغدا كۈچلۈك قىزىقىش سىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئۆگىنىشكە ۋە تەتقىقاتقا يېتەكلەيدۇ. (03)

(ئەنەيتۇللا قۇربان. ت) (لالە نىگەھەن فوتوسى)



«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى تاغىلارنى يوقلاش مەقسىتىدە يولغا چىققانىدىم. ئات بازىرىغا كەلگىنىمدە شائىر مامۇت زايىت ئاكا ئوتتۇرا بوي، قاشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى نۇرلۇق بىر ئادەم بىلەن گۈلباغ تەرەپتىن كېلىۋاتقانىكەن. مەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئۇلارغا سالام بەردىم.

— تېيىپجان ئاكا بىلەن تونۇشۇڭ ئىنىم، — دېدى مامۇت ئاكا قىزغىن قول بېرىپ.

— تېيىپجان ئاكا، — مەن ھاڭ-تاڭ بولغىنىمدىن ھودۇقۇپ كەتتىم. ئەقلىمگە كەلگەندىن بويان ئايىۋانە تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن زات مۇشۇمىدۇ؟



# پېشۋالار ھوزۇرىدا

(ئەسلىمە)

★ ئۆمەر رەجەپ ★

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بۈيۈك ئۇستازلىرىمىزدىن بىر نەچچىسى يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن دىدارلىشالمىغان بولسامۇ، مەن كۆرۈشكەن، ھوزۇرىدا بولغان، بىۋاستە تەربىيىسىگە ئېرىشكەن ئۇستازلار ھەمىشە كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى خىجىل قىلىپ، ماڭا كۆرسەتمە بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن بۇ يەردە بىزنىڭ ئارىمىزدىن كەتكەن پېشۋالىرىمىزدىن بىر نەچچىسى ھەققىدىلا ئەسلەپ ئۆتەي. قەلەمداشلىرىمىزنىڭ پېشۋالارنىڭ ھەۋەسكارلارغا قانچىلىك كۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىغا ياردىمى بولۇپ قالار.

## ئۆسمۈر — كەلدىڭمۇ؟

1981- يىلى ئەتىياز. مەن قەشقەردىن خوتەنگە قىشلىق تەتىلگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى

مەن ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ يۈرگەن ئۇلۇغ شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ مۇشۇمىدۇ؟ ـ شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ـ ھەۋەسكار ئۆمەر رەجەپ دېگەن ئىنىمىز مۇشۇ شۇ، ـ ماموت ئاكىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى:

ـ بىلىمەن، بىلىمەن. لېۇجۇشىغا كۆل تۇتقان ئۆسمۈر مۇشۇ شۇنداقمۇ؟ ـ شائىر ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق ئالقىنى ئالقىنىم بىلەن جۈپلەشكەندە ۋۇجۇدۇمغا ئىسسىق بىر ئېقىم تارىغاندەك بولدى. ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن دادام بېشىمنى سىلىغاندەك ھوزۇرلاندىم.

ـ مەن تېخى سىزنى مەندىنمۇ قېرى قاقباشمىكىن دەپتىكەنمەن، ھەققىي ئۆسمۈركەنسىز. نەدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ـ ئۆسمۈر؟

ـ قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىمەن.

ـ ياخشى، بەلەن. خېلى كارامىتىڭ باركەنغۇ سېنىڭ. قەشقەر ئەدىبلەر ماكانى. سىنىپ مۇدىرىڭ كىم؟

ـ يۈسۈپ قاسىم. بىزگە يېزىقچىلىق، چەت ئەل ئەدەبىياتى دەرسىنى شۇ كىشى بېرىۋاتىدۇ. يېقىندا ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالدى.

ـ ئۇ بەلەن ئادەم. مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن. ئۇزۇن يىل بىھۇدە دەرد تارتتى ئۇ. ئەندى ئىش ئىزىغا چۈشۈۋاتىدۇ.

مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ بىللە ماڭدىم. شائىر يولدا كېتىۋېتىپ نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى...

كېيىن پېشۋايىمىز تېيىپجان ئېلىيوپ ئاكا بىلەن 1981-يىلى يازدا ئۈرۈمچىدە، 1982-يىلى باھاردا قەشقەردە... يەنە نەچچە قېتىملاپ ئەسرا بولدۇم. 1986-يىلى باھاردا ئىچكىرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۈرۈمچىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە باردىم. كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۈچ يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئۇ مېنى تونۇپ قىزغىن قول بېرىپ كۆرۈشتى:

بىرەر سائەتكىچە ئۇنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بىراق بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ــ سۆھبەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي؟

پېشۋايىمىز ئارىمىزدىن كەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مېنىڭ دەرسىمنىڭ دائىملىق مىسالى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ نامى دىلىمدا، شېئىرلىرى تىلىمدا زىكرى قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

**«دوغاپ» يۈرىكىمنى ياشارتتى**

1983- يىلى 8-ئاي. تەكلىماكان قۇملۇقىدىن كېلىۋاتقان ئىسسىق ھاۋا كۆيدۈرگۈچ قۇياشنىڭ تەپتى بىلەن قوشۇلۇپ كىشىنىڭ نەپسىنى بوغاتتى. رەستىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھەممە كىشى سايە-سالقىن جايلارغا بېرىۋېلىپ ئىسسىقتىن پاناھلانماقتا ئىدى.

مەن بىر ئىش بىلەن ناۋاغ تەرەپكە كېتىۋاتاتتىم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئالدىدا ماڭا تۇرسۇن تۇرغۇن ئۇچرىدى. ئۇ:

ـ ياسىن خۇدابەردى ھاجى كەلگەن. ئىشىڭىز بولمىسا كۆرۈشۈۋېلىڭ دېدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەمۇرىي مەھكىمە 1-مېھمانخانىسىغا كىرىپ، ياسىن خۇدا بەردى ھاجى ياتقان ياتاققا كىردىم. ئۇ كىشى ئوتتۇرا بوي، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، سەل سېمىزرەك كىشى ئىكەن. ئۇ بىز بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ھاسىراپ تۇرۇپ:

ـ ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، ئىسسىقتىن بولالمايۋاتىمەن ـ دېدى تەستە. مەن ھەمراھىمغا پىچىرلاپ:

ـ مەن قېتىق تېپىپ كېلەي، سىلى بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرسىلا دېدىم ـ دە، سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم.

ئۇ يېقى يېڭى بازار، بۇ يېقى قىزىق دەرۋازا، تۆمۈر دەرۋازا ھەممە يەرنى ئارىلاپ ئاران دېگەندە چايخانا مەكتەپ ئالدىدىن دۇكىنىنى يىغىۋاتقان بىر دوغچىنى تاپتىم. ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ بىر چىنە دوغنى زەھەردەك قىممەت سېتىۋالدىم ـ دە، مېھمانخانىغا



قاراپ يۈگۈردۈم.

ياسىن ھاجىم دوغىنى بىر كۆتۈرۈشتە يېرىمىدىتىپ قويدى ۋە قاتتىق تىنىپ:

— رەھمەت بالام، دوغاپ يۈرىكىمنى باشارتتى. خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن! — دېدى ھەم كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بىر ھازا ئولتۇردى. ئاندىن:

— خوتەندىكى ئاپتورلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كېلىشىم. ئەدىن بىلەي، بۇ يەرنىڭ ئىسسىقى بەك يامانىكەن، — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ توپ مەقسىتى، ئالدىنقى يىلى ھەج قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى، ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بىرمەر سائەتتەك سۆزلىدى.

مەن كېيىنكى يىللاردا ياسىن خۇدا بەردى ھاجىمنى كۆرۈش شەرىپىدىن مەھرۇم بولدۇم. ئەمما ئۇ زاتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان شانلىق توھپىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردىكى يۈكسەك خىزمىتىنى ھەر ۋاقىت ھەرجايدا تەشۋىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

**ئەپەندىمنىڭ جەسىتنى ساقلىغان كېچىدە**

1985- يىل ياز خوتەن ئېلچى مېھمانخانىسىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. بۇ يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمالىدىن تارتىپ مۇشۇ خوتەن شەھىرىگىچە نەچچە يۈز ئادەم قاتناشقانىدى. يەكشەنبە كۈنى بارلىق ۋەكىللەر دەم ئالغاچ خوتەن شەھىرىنى ئايلىنىپ، بازار كوچىدىكى قايىنام - تاشقىنلىق، سودا-سېتىق

ھەم تېپىك جەنۇبىي شىنجاڭچە تىل مۇھىتى ئىچىدە تۇرمۇش ئۆتكەندى.

مەن چوڭ بازارغا بېرىپ كېلىش مەقسىتىدە مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىشىمغا ئېگىز بوي، قويۇق قارا قاش كەلگەن بىر كىشى دەرۋازىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئوغلۇم، سىز مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەمسىز؟ - دەپ سورىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆزلىرى... مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەيمەن. ئۆزلىرى ئەلقەم ئەختەم تاغىمىزغۇدەيمەن!

— ھەئە، قانداق تونۇۋالدىڭىز؟

— بىر كونا خروستوماتىيە كىتابىدا ئىسمىڭىز بىلەن رەسىمىڭىز ھەم «تاڭ ئاتقاندا» دېگەن شېئىرىڭىز بار ئىدى.

بىز ھېيتگاھ يولىدىكى ئاددىي ناۋايخانا ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئاچچىق چاي ئىچكەچ بىر ئىككىدىن ساماسا يېدۇق ھەم كۆپ پاراڭلاشتۇق. پارىڭىمىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەدجان قاسىمنىڭ جەستىنى ساقلىغان كېچىسىگە يۆتكەلگەندە ھاياجىنىمنى باسالمايلا قالدىم.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالىيجاناب، راستچىل، ھەققانىي ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

**نامراتلىق ئۇنى ئېلىپ كەتتى**

1994- يىل سېنتەبىر. خوتەننىڭ ئوتتەك قىزدۇرىدىغان ئاپتىپىنىڭ تەپتى يوشاپ قالغان،

ھەر خىل مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ئەلۋەك چاغ ئىدى. بۇ چاغلاردا شىمالىي شىنجاڭدىن بىرەر دوستىمىز كېلىپ ئايلىنىپ، مېۋە - چېۋىلەرگە ئېغىز تېگىپ كەتسىكەن دەپ قىسىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە دوستىمىز مۇختەر مەخسۇت كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۆيۈمدىلا ئۈچ - تۆت كىشى ئولتۇرۇپ ھال- مۇڭ قىلىشماقچى بولدۇق. مەن:

- قاھاركام خوتەندە تۇرۇۋاتىدۇ، چاقىرىپ كېلەيلىمىكىن دېدىم مېھمانلارغا. مۇختەر:

- كۆرۈشتۇم. سورىسام، كەچتە يېتىپ ئىقا بارغۇدەك.

بىر پەس قاھار جېلىل ئاكىنىڭ پەزىلەتلىرى، ئەسەرلىرى ھەم ئۇنىڭ يېقىنقى سالامەتلىك ئەھۋالى ھەققىدە خېلى پاراڭلار بولدى، ئاندىن يېتىپ ئىقتىن قايتىپ چىققاندا ھال سوراپ كەلمەكچى بولۇشتۇق.

كىم بىلسۇن، بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاكىمىزنىڭ يېتىپ ئىقا شۇ كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمايدىغىنىنى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بۇ قەدىمى شەھەرگە تارالدى. چوڭ كىچىك ھەممە كىشى يىغلاپ- بوزلاپ يۈرۈپ، ماشىنا، موتسىكلىت، ھەتتا ۋېلسىپىت بىلەن يېتىپ ئىقا قاراپ ئاقتى. ئاردا بىز ئۇنىڭ بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بىلدۇق. مۇختەر بىلەن ئۇچراشقان شۇ كۈنى قاھاركام نامازدىگەردە ئىنىسى ئابدۇخېلىل بىلەن يېتىپ ئىقا كەپتۇ. كەچلىك غىزا ئۈچۈن ئازراق نان بىلەن بىرشىڭگىل ئۈزۈم يەپتۇ. كەچتە ئۇ ئاكىسى بىلەن ئايۋانغا ئورۇن راسلىتىپ تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ يېتىپتۇ، ئاندىن ئادىتى بويىچە كىتاب كۆرۈپتۇ. ئېغىر ياتقۇ بولغاندا ئۇ تېخى ئۇخلىمىغان ئاكىسىنى چاقىرىپ:

- ئاكا، يانچۇقۇمدا دورام بارئىدى، ئېلىپ بەرسەڭ - دەپتۇ. ئۇ دورا ئېچىپ بىر ئازجىم ياتقاندىن كېيىن:

- ئاكا، بولالمىدىم. دوختورخانىغا بارايلى! دەپتۇ. ئوغۇللار چاقىرىلىپ، ھارۋا قېتىلىپ بولغىچە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. قاھاركام ھارۋىغا ئۆزى چىقىپ يېتىپتۇ. دوختۇرخانىغا بارغاندا ئۇ:

- زاپاس ئوكسىگېن بارمۇ؟- دەپ سوراپتۇ.

- يوق ئىدى، - دەپتۇ نۆۋەتچى دوختۇر.

- ئاپلا، - دەپ خۇرسىنىپتۇ قاھاركام...

بۇ كەمتەر، ئېسىل ئاكىمىزنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە نامى بار ئاكىمىزنىڭ ئاخىرقى سۆزى خۇرسىنىش ئىچىدە ئېيتقان «ئاپلا» دېگەن سۆز بوپتۇ. بۇ سۆزگەقاتتىق ئېچىنىش، نامرات يۇرتنىڭ قىياپىتىگە، «ھەممەنېمىسى تەل» يېزىلىق دوختۇرخانىلارنىڭ رېئال ھالىتىگە قارىتا ئاچچىق مەسخىرە يوشۇرۇنغان.

قاھار جېلىل ئاكىمىز كەتتى. ئۇنىڭ مۇنچىلىك ناماز تاپىدىغانلىقىنى (ۋالىيدىن - پۇقراغىچە ھەممىسى كەلدى) تەسەۋۋۇر قىلمىغانلار كۆزلىرىنى ئالايتىپ قېلىشتى. يازغۇچى داۋراڭسىز، جىمجىتلا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ جىمجىت ئۇيقىغا كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى ھەممىمىزنى ھەسرەت- نادامەتتە قويىدى. نامرات يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى.

قاھار ئاكىنى بىلگىنىمگە 26 يىل بولدى. مەن خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان ۋاقتىمدا قاھار ئاكا بىزگە سىنىپ مۇدىرى بولغانىدى. كېيىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغانىدىمۇ، قايتا تەربىيىگە چۈشكەندىمۇ، ئۇ ئورۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىمۇ ئۇنى ئىزدەپ، تەلىمىنى ئېلىپ تۇرغانىدىم.

ئېسىت، ئەجەب زامان، ئەجەب جاھان - ھە؟! ئۇ بىزدىن راستىنلا ئايرىلغانىكەن. مەن تېخى بىرەر يىلغىچە ئۇنى ئۈرۈمچىدىن كېلىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ يۈرۈپتىمەن... مەن يەنە نۇرغۇن پىشۋالار ئۈستىدە توختالماقچى ئىدىم. ئەمما سەھىپە ئازلىق قىلىدۇ. شۇڭا بۇ زاتلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەش بىلەنلا كۇپايىلەندىم.



(قېيوم تۇرسۇن فوتوسى)

تەھرىرى: (04)
(گەربىيە روزى)



# ئاغزاكى تۈزۈلگەن سېتىۋېلىش - سېتىش كېلىشىمى ئىقتىسادىي توختام بولامدۇ

ناھىيىمىزدىكى قول سانائەت. سودا شىركىتىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى مەلۇم كوكس زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بىلەن ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، 200 توننا كوكس سېتىۋالماقچى بولغان، ھەر بىر تونىنىڭ باھاسىنى 130 يۈەن قىلىپ بېكىتكەن ھەمدە مالنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى بەلگىلىگەن، 2 - كۈنى تەمىنلىگۈچى تەرەپ سېتىۋالغۇچى تەرەپكە مال تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىنى ئۇقتۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا مالنى يۆتكەشكە باشلىغان، 3 - كۈنى سېتىۋالغۇچى تەرەپ تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىغا بېرىپ كوكستا زور مىقداردا سۇ تەركىبىنىڭ بارلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، بۇ مالنى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن تەمىنلىگۈچى تەرەپ داۋاملىق ھالدا يۆتكەپ جەمئىي 235 تونىنغا يەتكۈزگەن، سېتىۋالغۇچى تەرەپ مالنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۈچتىن بىر قىسىم كوكسنىڭ سۈپىتى ياخشى ئەمەس، مىقدارىمۇ كەم چىققان دەپ قاراپ، مال پۇلىنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىغان، شۇنىڭ بىلەن تەمىنلىگۈچى تەرەپ مەلۇم خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ مال پۇلىنى ئېلىپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاغزاكى تۈزۈشكەن سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئىقتىسادىي توختام سۈپىتىدە قارىلامدۇ؟ ئاغزاكى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلسا ئىقتىسادىي توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىش كېرەكمۇ؟ بۇ ماجىرا ئەنزىسى قايسى ئورۇندىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؟

ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىن: **ئەخەت**

ئىقتىسادىي توختام ئاساسلىقى ئاغزاكى ۋە يازما توختامدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ. ئاغزاكى ئىقتىسادىي توختام ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىش ياكى تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. بىر تەرەپ ئاغزاكى كېلىشىمنى ئوتتۇرىغا قويسا، قارشى تەرەپ بۇ كېلىشىمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە ئاغزاكى ئىقتىسادىي توختام ھاسىل قىلىدۇ. ئاغزاكى ئىقتىسادىي توختام تاۋار ئوبوروتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئىقتىسادىي توختام شەكلىدۇر. ئاغزاكى توختام كۆپ ھاللاردا ئۆز ۋاقتىدا ھېساباتنى تۈگىتىش ياكى پۇل سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە قوللىنىلىدۇ. ئەمما بۇ، ئۆز ۋاقتىدا

ھېساباتنى تۈگەتمىگەن، پۇل سانى بىر قەدەر كۆپ بولغان ئاغزاكى سېتىۋېلىش - سېتىش كېلىشىمى ئىقتىسادىي توختام دەپ قارالمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن يەنە شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، ئىقتىسادىي پائالىيەتتە ئەڭ ياخشىسى يازما توختامنى قوللانغان مۇۋاپىق، ئەگەر بۇنداق بولمىسا ماجىرا يۈز بەرگەندە، ئىسپات بىلەن تەمىنلەشكە قىيىن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاغزاكى توختامدا بەزى ئاساسلىق ماددا، تارماقلار ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىغان، مەسىلەن، كوكسىنىڭ سۈپىتى، مال تاپشۇرۇش ۋاقتى، پۇل تاپشۇرۇش ۋاقتى قاتارلىقلار... شۇڭا، بۇ ئاغزاكى توختام ئۈستىدە بولغان تالاش - تارتىشلارغا دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ ئاغزاكى ئىقتىسادىي توختام بىر جايدا تۈزۈلۈپ يەنە بىر جايدا ئىجرا قىلىنغان، بۇ دەۋانى ھەر ئىككى جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسى ئوخشاش قوبۇل قىلىدۇ؛ دەۋاگەر مەلۇم جايدا ئەرز قىپتۇ، شۇڭا شۇ جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ.

## ئاجراشقاندىن كېيىن ھۆددە يەر قانداق تەقسىملىنىدۇ

ئايالىم بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن سوت مەھكىمىسى ھۆددە يەرنىڭ يېرىمىنى ئايالىم بىلەن بالىغا بېرىشكە ھۆكۈم قىلدى.سىياسەتتە تۇغۇلسا، ئۆلسە، ئۆيلەنسە، ياتلىق بولسا تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن، ھازىر بەزىلەر ئاجراشقاندا يەرنى بۆلۈشۈۋاتىدۇ. ئاجراشقاندىن كېيىن ھۆددىگە ئالغان يەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

**قەشقەر شەھىرىدىن:جامال**

نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ يېزىلىرىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان يەرنى ھۆددىگە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە ئاساسەن، دېھقانلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئىشلىتىش ھوقۇقىلا بولىدۇ. يەر دېھقانلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەركەزنىڭ (1984) 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە كۆرسىتىلگەن «كەڭ دائىرىدە مۇقىم بولۇش، كىچىك دائىرىدە تەڭشەپ تۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، ئاجراشقاندا ھۆددىگە ئالغان يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قەتئىي تەڭشىگىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ.چۈنكى ئاجرىشىش، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، ياتلىق بولۇش، ئۆيلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئاجرىشىش يەنە باشقا بىرىگە توي قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئاجراشقۇچى ئىككى تەرەپ ھۆددىگە ئالغان يەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا پارتىيىنىڭ يولغا قويۇۋاتقان سىياسىتىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ يېزا كادىرلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەسىلىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىش ياكى سوتە مەھكىمىسىگە بېرىپ ھۆكۈم ياكى كېسىم ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ 49 - ماددىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدا «دۆلەت نىكاھ، ئائىلە، ئانا ۋە بالىلارنى قوغدايدۇ»دەپ بەلگىلەنگەن. ئاجرىشىشتا ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ ھۆددىگە ئالغان يەرنى تەڭشەش - تەقسىملىگەندە ئايال تەرەپنىڭ تەلىپىگە قاراپ بەلگىلەش كېرەك. ئەگەر ئايال تەرەپ ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆز تەلىپىدىن ۋاز كەچسە، ئاجراشقاندىن كېيىن، بالىنى ئاتىسى ياكى ئانىسى بېقىشتىن قەتئىينەزەر بالىلارغا تېگىشلىك يەرنى تەڭشەپ بېرىش لازىم.

(ژۇرنىلىمىز قانۇن مەسلىھەتچىسى)

# ئۆسمۈر باللاردىكى ئىلمىي ھەۋەس ئىختىساسلىق بولۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى

★ روزى مۇھەممەت ئابلىكىم ★

ھەۋەس بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر شەيئىگە قىزىقىشى، مەلۇم بىر ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا ھەم بىلىشكە ئىنتىلىدىغان روھىي ھالەتتۇر. ئادەملەردىكى ھەۋەس ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئادەملەر يەپ-ئىچىشكە، ئويۇن-تاماشىغا ھەۋەس قىلىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە ۋە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ھەۋەس قىلىدۇ. ئادەملەردىكى ھەۋەس جەمئىيەت (ئىجتىمائىي مۇھىت، مەكتەپ تەربىيىسى)نىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ھەۋەس-قىزىقىشىنىڭ ئىجابىي بولماسلىقتىن، ناچار ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ئاتا-ئانىلار باركى، ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ھەۋەسىنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلماي ئۇلارنىڭ توغرا ھەۋەسىنى بىخ ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ياش-ئۆسمۈرلەر ھېچ قانداق نەرسىگە قىزىقمايدىغان، تۇترۇقسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرگە يولۇققاندا بېشى قاتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەپەككۇرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى بايقىشىمۇ، كەشىپ قىلىشىمۇ، ئىجاد قىلىشىمۇ، ئالغا بېسىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەكسىچە، ياشلار توغرا لىنىيىلىك ھەۋەسى بويىچە ئۆزلىرى قىزىققان ئىشلارنى قىلسا، ئاتا-ئانىلار ۋە ئۇستازلار قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بەرسە ئۇنداق ياشلار رازىمەنلىك ھېس قىلىدۇ-دە، كۆڭلى ئازادە بولىدۇ. قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ شۇ قىيىن ئىشلارنى قىلىشنى خالايدۇ ھەمدە ئاكتىپ چارە ئويلاپ قىيىنچىلىقنى يېڭىدۇ. بۇ خىل ھەۋەس كۆپ ھاللاردا غەم-قايغۇنى ئۇنتۇپ، خۇشال-خۇرام ياشاشقا ئىنتىلدۈرىدۇ. شۇڭا ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ مەلۇم بىر پائالىيەتكە بولغان كۈچلۈك ھەۋەسى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە شۇغۇللىنىدىغان پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ ھەم ئەقىل بۇلىقىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ. دارۋىن «تەرجىمھالىم» دېگەن ئەسىرىدە: «ئېسىمدە قېلىشىچە، مېنىڭ مەكتەپتىكى ۋاقتىمدىكى مىجەزىمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى چاغلاردا ماڭا تەسىر كۆرسەتكىنى شۇ بولدىكى، مەندە ھەرقانداق مۇرەككەپ مەسىلە ۋە شەيئىلەرنى زوق بىلەن چوڭقۇر بىلىشكە ئىنتىلىدىغان، مەن قىزىققان نەرسىگە سىڭگەن كۈچلۈك بىر خىل ھەۋەس بار ئىدى» دېگەن.



مەلۇمكى دارۋىننىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى جانلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا بولغان كۈچلۈك ھەۋەسى كېيىنكى چاغلاردا ئىجاد قىلغان جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم بىر پسىخىك شەرتى بولۇپ قالغان.

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئايال گودالمۇ كىچىك چېغىدىلا جانلىقلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شىمپەنزىنى تەتقىق قىلىشقا بولغان قاتتىق ھەۋىسى ئۇنى خەتەردىن قورقماي، ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقىغا ئۆزى يالغۇز كىرىشكە ئۈندىگەن. نەتىجىدە ئورمانلىقتا ئون يىل ئىشلىگەن. شىمپەنزىنىڭ ياشاش جەريانىدىكى خۇلۇق-مىجەزىنى ئۇزاق مۇددەت چوڭقۇر كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ،ئىنتايىن قىممەتلىك 1-قول ماتېرىيالنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ، ئورمانلىقتا ئۇزاق مۇددەت كۆزىتىپ قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، «ئىنسانلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى»، «مېنىڭ شىمپەنزىلەر ئارىسىدىكى تۇرمۇشۇم» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشقان.

«كەشپىياتچىلار پىرى» دەپ تەرىپلەنگەن ئېدىسون ھاياتىدا تەخمىنەن 2000 خىل يەنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 15 كۈندە بىردىن يېڭى كەشپىيات ياراتقان. زاۋۇتنىڭ تەجرىبىخانىسى ئۇنىڭ ئۆيى بولۇپ قالغان. توي قىلغان كېچىسى ئۇ قىزنى ۋە مېھمانلارنى تاشلاپ قويۇپ، تەجرىبىخانىغا كىرىپ تەجرىبە قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، مېھمانلار ئالللىقاچان كېتىپ قالغان. ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىشقا بولغان قىزىقىشى، ھەۋىسى شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنى جاپا ئەمەس، ھالاۋەت دەپ بىلگەن.

دېمەك بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ھەۋەس ياشلارنى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى ئىچكى تۇسالغۇلارنىمۇ تۈگىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

قىسقىسى توغرا ھەۋەس ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.شۇڭا كەڭ ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۆز پەرزەنتى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەر خىل قىزىقىش ھەۋىسىنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ھەۋىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە قوللاش كېرەك. (09)

(ھېسامىدىن ھاجى سۈرىتى)

## ئەقىل جەۋھەرلىرى

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن چوقۇم دوست بولۇشى كېرەك. تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئادەم دۈشمەنگە مۇھتاج بولىدۇ.

«رەزىل كېچىلەر»دىن

ئاغزىڭغا قان كەلسە دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا تۈكۈرمە.

«تۈندىكى چاقماق»تىن

مۇلايىملىقنى ئاجىزلىق، كەڭ قورساقلىقنى توخۇ يۈرەكلىك، ئالىيجانابلىقنى ھاكاۋۇرلۇق دەپ تونۇيدىغان نادان، ئەرزىمەس ئادەملەرگە خۇشامەت قىلىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن تەركى دۇنيا بولدۇم.

— جىبران

مەن ھېچقاچان ئۆتمۈشكە كۆڭۈل بۆلۈپ باققان ئەمەس.

«ھايات ۋە سۆيگۈ»دىن

شائىر ۋە يازغۇچىلار دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىشى كېرەك

— سالۋاتور كاشمۇدۇ (ئىتالىيە)

باش كەتمىگىچە باشتىن خىيال كەتمەيدۇ.

ئۇلۇغۋار ۋە دانىشمەنلەر ئۈچۈن تەبىئەتكە مۇۋاپىق كەلگۈدەك غەرەزسىز بىر ھەقىقىي دوست تېپىلسا تەنھالىقتىن سۆھبەت ئەلا. ئەگەر شەپقەتلىك رەپىق بولمىسا يالغۇزلۇق ياخشىراق. بۇ خۇددى جۇۋا يازدا ئەمەس قىشتا كېرەك بولغىنىدەك بىر ئىش. ئەقىللىق ۋە زېرەك كىشى ئەقىل ئۆگىنىدۇ. چوڭلارنىڭ بەزمىسىگە لايىق بولۇپ يېتىشىدۇ. (09)

(«كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

# مەدەنىيەت تۇغقان ئىزتىراپلار

★ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت ★

تەپەككۇر قۇۋۋىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىنمۇ ياكى يېڭىلىقتا ئىنتىلىش روھىمىزنىڭ كۈچلۈكلىكىدىنمۇ قانداق، مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش جەھەتتە، بىزدە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش، دوراش، چوقۇنۇش خاھىشى كۈچلۈكرەك. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كۆپىنچە ھاللاردا سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ ۋاقىتلىق تەسىرى بىلەن مۇستەقىل قارىشىمىزنى يوقىتىپ، پىسخىكىمىزدىكى، مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئۆزىمىزگە خاس ئېسىل نەرسىلىرىمىزنى تاشلاپ، سىرتنىڭ، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، دورامچىلىق قىلىمىز، بۇنىڭ بىلەن يا خەقنىڭكىنى ئۆخشىتالماي، يا ئۆزىمىزنىڭكىنى جۇلالاندۇرالماي ئاچا يولدا تېڭىرقاپ بىچارىلىقىمىزنى چاندۇرۇپ يۈرىمىز.

ئاددىيسى، كىيىنىش، ياسىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتتىن ئالىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ شۇنچە ئېسىل ھەم مەدەنىي كىيىنىش، ياسىنىش ئادەتلىرىمىز تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭكىنى قارىغۇلارچە دوراپ، يىگىتلىرىمىز بىلەن قىزلىرىمىزنىڭ كىيىنىش، ياسىنىش ئۇسۇللىرى ئالمىشىپ قالغىلى تۇردى. قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە يارىشىملىق سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ، چىرايلىرىنى ئالا-چىپار بوياپ، ئەسلىدىكى زىبالىقلىرىنى خۇنۇكلەشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشتى. ۋەھالەنكى، غەربنىڭ قىزلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىگە ياراشقان تەبىئىي ئاق، سېرىق ياكى مەللە رەڭ چاچلىرىنى قارىغا بويايدىغانلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ تەبىئىيلىكتە ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەنتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ جەزبىدارلىقى، جەلپكارلىقى دەل ئۇلارنىڭ سۇتتەك پارقىراق، سۇزۇك يۈزلىرىدە، قۇندۇزدەك قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىدا ئەمەسمىدى؟ ئەجەبا، بۇنى ئويلايدىغانلار يوقمىدۇ ياكى بىزنىڭ ئەسلى مەدەنىيەت ئاساسىمىز، مەنىۋىيىتىمىز شۇنچە ئاجىزمىدۇ؟ جاۋاب پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە.

مەدەنىيىتىمىزنىڭ يىپەك يولىدىكى شۇنچە كۆپ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش، سىڭىشىش ۋە يۇقىلىشىدەك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا، زەربىسىگە ئۇچراپمۇ يوقىلىپ كەتمەي، ئەكسىچە ئۇلاردىن ئوزۇقلىنىپ ئۆزىنى بېيىتىپ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك، مۇستەھكەم مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەمدۇ؟

ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى قارىغۇلارچە ئەگىشىش خاھىشىمىزنىڭ ئاساسىي سەۋەبى نەدە؟ ئېھتىمال، بۇنىڭ كۆپ خىل سەۋەبلىرى بار. ئەمما، ئويبىيكتىپ سەۋەبلەردىن بىرى يەنىلا پىكىر قۇۋۋىتىمىزنىڭ، پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدا بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

بۇ يەردە ئەنئەنىنى تىلغا ئېلىش بىلەن يېڭىلىقنى، زامانىۋىلىشىشنى، تەرەققىياتنى چەتكە قاقماقچى



ئەمەسمەن، دېمەكچى بولغىنىم، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، يەنى قانداق قىلغاندا ھەقىقىي يوسۇندا تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەلگىلى، زامانىۋىلاشقىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە.

ھەممىگە مەلۇم، بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق ساپ مەدەنىيەت مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما، ھەر بىر مىللەتنىڭ يەنىلا ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللىي مەدەنىيەت ئۆز مۇستەقىللىكىنى، خاسلىقىنى ساقلاپ قالالىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، باشقىلارنى جەلپ قىلالايدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت قانداقتۇر نوقۇل بىر مەنبەدىنلا ئاپىرىدە بولغان «ساپ مەدەنىيەت» كە قارىتىلغان ئەمەس، ئەكسىچە، تەرەققىي قىلىش جەريانىدا سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغان ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىدىكى ئېسىل، ئىلغار تەرەپلەرنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، دەۋر تەلپىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ قايتا ئىجترا قىلىپ، ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ بارغان مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ھامان بەلگىلىك دەرىجىدە سىرتقى تەسىرلەرگە ئۇچراپ، تولۇقلىنىپ، بېيىپ بارىدۇ. بۇ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى، بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەت ئىچىدە مەدەنىيەت تەرەققىياتى يەنە قارشىلىشىش، ئۆتۈشۈش، ئاسسىملاتسىيە بولۇش قاتارلىق جەريانلارنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ.

ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىدە ئىلغار، ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ، شۇنداقلا پاسسىپ، سەلبىي ئامىللارمۇ بولىدۇ. مەدەنىيەت قوبۇل قىلغاندا، قارىغۇلارچە دورامچىلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى تاسقاپ، ئىلغاپ، تاللاپ قوبۇل قىلىشقا، قوبۇل قىلىش بىلەن ئىجاد قىلىشنى، ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن قايتا ئىجترا قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە، قوبۇل قىلغاننى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ مەدەنىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

«AQ» چە روھىي غالىبىيەتچىلىك ــ بىرخىل ھاماقەتلىك، نادانلىق، بۇنىڭ نەتىجىسى ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما، ئۆز مەنىۋىيىتىنىڭ قىممىتىنى بىلمەسلىك ــ ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك بولۇپ، بۇمۇ مۇقەررەر ھالدا چوڭ بىر تراگېدىيىنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان زور خاتالىق. تېخىمۇ ئۇچۇقراق ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر تراگېدىيە. ئالدىنقىسى ئۆزىدە يوق نەرسىلەر بىلەن ماختىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى، ھاماقەتلىكىنى نامايىش قىلىش ئارقىلىق، روھىي گادايلىقىنى يېپىشقا تىرىشىپ روھىي غالىبىيەتچىلىك قىلسا، كېيىنكىسى ئۆزىدە بار نەرسىنى بايقىماي، ئۆز مەنىۋىيىتىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەي، ئۆزىنى روھىي گادايلىقتا قالدۇرۇشتەك بىچارىلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆز مۇستەقىللىكى، خاسلىقى بولمىغان ئادەم ھامان ئېتىبارسىز، قەدىرسىز ئورۇنغا چۈشۈپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆز مۇستەقىللىكىنى ساقلىشى، ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى، قەدىرلىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇنى باشقىلار ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ. ئۆزىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، قەدىرلىمەيدىغان ئىنساننى ئىككىنچى بىر ئادەم ھەرگىزمۇ ھۆرمەتلىمەيدۇ، قەدىرلىمەيدۇ. شۇڭىمۇ جامال ئابدۇلناسىر «غۇرۇرۇڭ بىلەن قەددىڭنى كۆتۈر، ئۆزۈڭگە ھۆرمەت قىل!» دەپ خىتاب قىلغانىدى.

بۇ بىر ئىنسانغىلا ئەمەس، بىر مىللەتكە نىسبەتەنمۇ شۇنداق. بىر مىللەت ئالدى بىلەن ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى، قەدىرلىشى، ئۆز مەنىۋىيىتىنىڭ قىممىتىنى بىلىشى، ئۆزلۈكىنى يوقاتماسلىقى، ئۆز خاسلىقىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇشى كېرەك. شۇندىلا ئۇنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئالدىدا ئورنى، قەدىرى بولىدۇ.



تەھرىرى: 07
ئىبراھىم ماخمۇت

# مىللىي رايون ۋە مىللىي ئۇسلۇب توغرىسىدا

★ ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت ★

مىللىي ئۇسلۇب بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتكە ئىلغارلىققا، گۈزەل ئەنئەنىگە ئىنتىلگەنلىكىنىڭ سىمۋولى ۋە مىللىي تارىخىنىڭ بەلگىسى. ئۇ مىللەتنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش ۋە روناق تاپقۇزۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا «سەرەڭگە قېپى» شەكىلدىكى بىنالار ۋە ئومۇملاشقان خەلقئاراچە قۇرۇلۇش شەكلى ئەۋج ئالماقتا. مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئىمارەتلەر ئۆزىنىڭ سان جەھەتتىكى ئازلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بەزىلىرىدە قوللىنىلغان شەكىل ۋە رەڭلەرنىڭ ماسلاشمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كىشىدە بىر خىل غەيرىيلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەگمە شەكىللەرنىڭ رادىئانى خالىغانچە بۇلۇڭلۇق بولماستىن بەلكى ئىنچىكە نىسبەت بويىچە ھېسابلانغان ئەگرىلىك رادىئانىدۇر. بۇنداق ئەگمىلەر ئىمارەتنىڭ ئالدى يۈزىدە بولسۇن، پېشايۋان، گۈمبەزلىرىدە بولسۇن بىر - بىرىگە تامامەن ماسلاشقان، بىر - بىرىنى ئاچىدىغان، بىر پۈتۈن ئىمارەت شەكلى ۋە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ رەڭگى بىلەنمۇ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق شەكىللەر قانچە تەكرارلانغانسېرى مىللىي پۇراق شۇنچە قويۇق تۇس ئالىدۇ.

ئۈرۈمچى – ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى. شۇنداقلا بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگە تىكلەپ بېرىۋاتقان مەركىزىي شەھەر. لېكىن ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا مىللىي پۇراق ئىنتايىن كەم. چوڭ يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سەرەڭگە قېپى شەكلىدە تىزىپ سېلىنغان بىنالار، سۇنئىي تاغلار، راۋاقلار ... شەھەر قىياپىتىنىڭ كۆپ خىللىقىغا، رەڭدارلىقىغا، مۇھىمى، گۈزەللىكى ۋە مىللىي خاسلىقىغا ئانچە ماس كەلمەيدۇ.

بىناكارلىق — بوشلۇق سەنئىتى، ئوبراز سەنئىتى، كۆرۈش سېزىم سەنئىتى ۋە مۇھىت سەنئىتى بولۇپ، ئومۇملۇققا، مۇقىملىققا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاسلىققا ئىگە. يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىمارەتلەر ئۆز تەسىر كۈچىنى ئۇزۇن يىللارغىچە ساقلاپ، كىشىلەر ئۈچۈن گۈزەللىك، خاسلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىدۇ. مىللەتلەر تارىخىنى،



ئىنسانىيەت تارىخىنى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ھېسسىياتنى چۈشىنىشتە مۇھىم دەلىل- ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاسراش مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ. خاس ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى، ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون يەرلىك ئالاھىدىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىق تەرەپلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ «ئاساسىي قۇرۇلۇش قوللانمىسى» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: «مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز جايىنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچى ۋە باشقا كونكرېتنى شارائىتىغا قاراپ يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ»، «شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچىلاردا شەھەر پىلانىغا ئاساسەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بىنالارنى ئاسرىشى ۋە سېلىشى لازىم»، «شەھەرلەردىكى تۈرلۈك ئاممىۋى مۇلازىمەت قۇرۇلۇشلىرى قويۇق بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇشى، يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئۇسلۇب ۋە دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم»... قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان.

يېقىندا، شېنجېندا چەت ئەل ساياھەتچىلىرىگە جۇڭگودىكى مىللىي رايون ۋە مىللەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان كۆزنەك — «شېنجېن جۇڭگو مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت كەنتى» قۇرۇلدى. بۇ جايدا ئۇيغۇر قاتارلىق 12 مىللەتنىڭ مىللىي ئۇسلۇبتىكى تۇرالغۇلىرى ياسالغان. بۇ كەنتنى ھازىر جۇڭگولۇقلار ۋە چەت ئەللىكلەر بولۇپ كۈنىگە 6000 دىن ئارتۇق ئادەم ساياھەت قىلىپ تۇرىدىكەن، ئۇيغۇر تۇرالغۇسى بىلەن شىنجاڭ كۆرگەزمىخانىسى ساياھەتچىلەرنى ھەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلىدىغان جاي ھېسابلىنىدىكەن. بۇ مىللىي ئۇسلۇبنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر دەلىل. بىز ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ- كېتىۋاتقان مېھمانلارنىڭ خەلق مەيدانىغا بېرىپ دائىمىي كومىتېت بىناسىنى، ئوتتۇرا كۆۋرۈككە بېرىپ كۆۋرۈك بېشىدىكى راۋاقنى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى، چوڭ كۆۋرۈككە بېرىپ قىزىل تاغنى كۆرۈنۈشكە ئېلىپ خاتىرە رەسىمگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇ مىللىي ئۇسلۇب بىلەن زامانىۋىلىق ۋە تەبىئىي مەنزىرىنىڭ زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئالقىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كېيىن ئېيتىش كېرەككى، مىللىي ئۇسلۇب زامانغا ماسلىشالايدۇ. ھەرقانداق تەرەققىيات سۆزسىزكى، ئۇنى شاللىۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئالقىشلىشى كېرەك.



تەھرىرى: 06
(ئەسقەر داۋۇت)



(ئەرشىدىن توختى فوتوسى)

# «ئىرادىلىك ۋە جاسارەتلىك» بولۇپ

## يېتىلىشنىڭ سىرى



بىر ماتېماتىك: «ماتېماتىكا بىلەن شۇغۇللىنىشتا، بەك ئەقىللىق بولۇپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، پەقەت ئوتتۇرا دەرىجىدىكى تالانت بولسىلا كۇپايە. بۇنىڭدا ئاساسلىقى، ئىرادە ۋە شىجائەتكە تايىنىش كېرەك» دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىرادە ۋە جاسارەت بىر ئادەمنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پسىخولوگلار ئىرادىمۇ تەربىيىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ. بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئىرادىسىنىڭ قانداق بولۇشى، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئېرىشكەن تەربىيىسىگە باغلىق. بىراق، رېئال تۇرمۇشتا، كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار ھەمىشە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش قىلىشتا ئىنتائەتمەن بولۇشىنى، ئاۋارىچىلىقلارغا بولۇقماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بالىلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ھەمىشە ياردەملىشىپ ھۆددىسىدىن چىقىشىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرى قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بالىلارنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىنى يېتىلدۈرۈشىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشلەردىن بايقىلىشىچە، ھازىرقى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە باشقىلارغا تايىنىۋېلىش خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقىدىكەن، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىرادىسى ۋە جاسارىتى كەمچىل ئىكەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى شۇكى، ئائىلىلەر بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئەركە قىلىۋەتكەنلىكتىن، ئۇلار راھەتلىك، ئاسايىشلىق مۇھىتتا ياشاپ، چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان.

بالىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن توغرا پوزىتسىيە قوللىنىشى كېرەك. ئەگەر قىيىنچىلىق كۆپ بولمىسا بالىلارنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت بېرىش؛ بالىلار قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەلىسە، ئۆز ۋاقتىدا تەقدىرلەپ، بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش؛ ئەگەر بالىلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە راستىنلا قۇربى يەتمىسە، ۋاقتىدا ياردەم بېرىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئاسانلا تەسىر يېتىدۇ. بۇ خىل ياردەم ئاساسلىقى بالىلارنىڭ مېڭە ئىشلىتىپ، ئامال تېپىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. ئاتا-ئانىلار بەزىدە يەنە، بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن قىيىنراق ئىشلارنى تاللاپ قىلغۇزسىمۇ بولىدۇ.(04)

(«ياشلار ئىلىم - پەنى» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 6 - سانىدىن، مەھتىمىن مامۇت. ت)

## «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»

«سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» ملىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ ئەسىرى بولۇپ، 1921-يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر جەمئىي ئون قىسىم 32 جىلد بولۇپ، ئۇ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى شەخسىي خەت-چەكلىرى، قورۇلۇش، سۇ ئىنشائاتى، دىپلوماتىيە، مالىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كىتاب ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى تاكتىكا ۋە نەيرەڭلىرىنى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1965-يىلى تەيبېيدا ئۇنىڭ فوتو نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. (07)

## گرۈنۋېدىر...

گرۈنۋېدىر (A. Grunweder) (1856 — 1935) گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ، سەنئەت تارىخى ئالىمى. ئۇ 1881- يىلى بېرلىن فولكلور مۇزېيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1891-يىلى پروفېسسورى بولغان. 1892-يىلى 13-نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا-يىراق شەرق تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تىل، فولكلور تەتقىقاتى خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى»نى قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. ھەمدە ئۆزى گېرمانىيە - تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىل قىلىپ 1902-يىلدىن 1905-يىلغىچە ئۈچ قېتىم كۇچا، قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ «ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتى»، «گرېتسىيە، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى»، «قەدىمكى كۇچا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. (07)

## ساراىبان، سارابان

سارابان — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخشۇناس. ئۇ يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچى تەبىقىسىنى تەشكىل قىلغان بىر قاتار ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدىكى خان پەرزەنتلىرى دۋان مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى ئەلى تۆمۈرنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم روللارنى ئوينىغان. ئۇنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تۆھپىسى شۇكى، ھازىرغا قەدەر جۇڭگونىڭ داڭلىق 24 تارىخىنىڭ بىرى بولغان «جىن سۇلالىسى تارىخى» ئەنە شۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناس سارابانىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن يېزىلىپ پۈتكەن. بۇ ئەسەر 1343-يىلى يېزىلىشقا باشلاپ 1344-يىلى 11-ئايدا يېزىلىپ بولغان. ئۇ 135 جىلدتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇجىن سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنىڭ جانلىق خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (07)

## «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما»

بۇ ئەسەر ئالىملىقلىق ئەدىب جامال قارشى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى 1282-، 1283-يىللىرى «سۇرراخ لۇغىتى» (ئىلىدىكى ئۆلچەملىك سۆزلەر) گە قوشۇمچە قىلىش ئۈچۈن يازغان. ئۇنىڭدا موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خاندانلىقلارنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى پارچىلار بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، شەھەر يوللىرى، بىناكارلىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە ماددىي مەھسۇلات قاتارلىقلارمۇ تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسلى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، بارتولد تەرىپىدىن قايتا رەتلەنگەن. (07)

(ئەلى غوپۇر)

# گۈزەللىك ھەققىدە ئەنئەنىۋى قاراشلار

خەلق ئارىسىدا تېرىنى گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ئاسراش ۋە سالامەتلىك توغرىسىدا نۇرغۇن ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار مەۋجۇت. زادى قايسى توغرا، قايسى خاتا؟ بىز تۆۋەندە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ باقايلى.

**1. ھەرىكەت توختىتىلسا، مۇسكۇللار مايغا ئايلىنىپ كېتىدۇ دېيىش خاتا.** ئەگەر ھەرىكەت توختىتىلسا، مۇسكۇللار زىچلىقىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەدەنگە كېرەكلىك ئېنېرگىيە ۋە ئوزۇقلۇق كېمىيىپ، ئارتۇق ئېنېرگىيىنىڭ ھەممىسى مايغا ئايلىنىپ، بەدەندە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ مايلار مۇسكۇللار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەرىكەتنى توختىتىش بىلەن بىرگە ئوزۇقلۇقنى ئازايتمىغاندا، بەدەندىكى ماي مىقدارى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

**2. بەدەننى سوپۇن بىلەنلا يۇيۇش تېرىگە زىيانلىق دېيىش توغرا.** ئادەتتىكى سوپۇن تېرىنى بۇزىدۇ. چۈنكى سوپۇن تېرىنىڭ كىسلاتالىقىنى ۋە ئىشقارلىقىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنداقلا تېرىنى قۇرغاقلاشتۇرۇپ تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ.

**3. قۇرغاق چاچنى كۈندە يۇيۇپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېيىش، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا توغرا.** ئەگەر چاچ بەك مايلىق بولمىسا، پاكىز كۆرۈنسە، كۈندە باش يۇيۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق چاچنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن يەنىلا پات-پات يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر ھەر قېتىم چاچنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن پارقىراق ۋە سىلىق بولمىسا، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئالماشتۇرۇش لازىم.

**4. چاچنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىش ئۈچۈن، چاچ ئاسراش مېيى ئىشلىتىش كېرەك دېيىش توغرا.** چاچ ئاسراش بۇيۇملىرىنىڭ تەركىبىدىكى خىمىيىۋى بۇيۇملار ۋە توكتا بۇدۇرە قىلىش ئەسۋابلىرى چاچقا زىيانلىق بولغانلىقتىن، چاچنى خۇنۇك ۋە ئاجىز قىلىپ قويىدۇ. چاچ ئاسراش سۇيۇقلۇقىنىڭ تەركىبىدە، ئاقسىل ۋە كېرمىنى كېتون بار بولۇپ، چاچنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ چاچنى ساغلاملاشتۇرۇپ پارقىرىتىدۇ.

**5. تېرە سىيلىقلاش مېيىنى سۈرگەندىن كېيىن، كۆز ئاسراش مېيى ئىشلىتىش ھاجەتسىز دېيىش خاتا.** كۆزنىڭ ئەتراپىدىكى تېرە بىلەن بەدەننىڭ باشقا جايلىرىدىكى تېرە



ئـوخشمايدۇ. كۆز ئەتراپىدىكى تېرە يۇمران بـولۇپ ئاسان بۇزۇلىدۇ ۋە تېز قورۇق پەيدا بـولـىدۇ. ئـادەتتىـكى سىلىقلاش مېيى كۆز ئـەتراپـىدىـكى تېرىگە ماس كەلمەيدۇ. كۆز ئـاسراش مېـيـى ئـالاھـىدە رېتسېپلاردىن ئىشلەنگەچكە، ئەكس تەسىر پەيدا قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا نازۇك ئىشلەنگەن كۆز ئاسراش مېيى ئىشلىتىش لازىم.

**6. كىـرپىك سۇيۇقلۇقىنى (لاكنى) كۆپرەك سۈركىسە، كۆز يوغان كۆرۈنىدۇ دېيىش خاتا.** كىـرپـىك سـۇيـۇقلـۇقىنى كۆپ سۈركەندە، باشقىلارنىڭ دىققىتى كۆزگىلا مەركەزلىشىپ، كۆزنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە نۇقسان يېتىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە ئالدى بىلەن كىرپىك قايرىغۇچ بىـلەن قايرىپ، ئاندىن لاكنى ئىككى قېتىم سۈركەپ چوتكا بىلەن يىنىك تارىۋەتسە، كۆز تېخىمۇ يوغان ھەم گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

**7. چـاچ ئـۇچى ئاچماق بولۇپ، سۇنۇپ كەتسە، ئۇششىغلى بولىدۇ دېيىش توغرا.** بىراق بۇمۇ قىسقا مۇددەت كۈچكە ئىگە. زور كۆپچىلىك چاچ ئاسراش، چاچ ياساش بۇيۇملىرى پەقەت ئـاچـمـاق چاچنى چاپلاشتۇرۇپ قويغاچقا، يۇيغاندا ياكى تارىغاندا يەنىلا ئەسلىگە قايتىپ قـالـىدۇ. چـاچتىـكى ئاچماقنى بىر تەرەپ قـىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئاچماق بولغان يەرنى كېسىۋېتىش.

**8. قـورۇقنـى يوقىتىش مېيى بىلەن قورۇقنى يوقاتقىلى بولىدۇ دېيىش خاتا.** بازاردا سېتىلىۋاتقان قـورۇقنـى يـوقـىـتـىـش بـۇيـۇملىرى تېرە ھـۈجەيرىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، تېـرە يـوسـتـىـدىـكى ئۆلگەن ھۈجەيرىلەرنى تـۆكىدۇ. شۇڭا، تېرە توقۇلمىلىرى سىلىق كـۆرۈنـىدۇ. گـەرچـە قورۇقنى ئازايتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، قورۇقنى تۈپتىن يوقىتالمايدۇ.

**9. مايلىق تېرىگە سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىش ھاجەتسىز دېيىش خاتا.** ماي بىلەن سۇ تېرىنىڭ نـەملىكـىنـى ساقلاشتا، ئوخشىمىغان رول ئوينايدۇ. سۈپىتى ياخشى تېرە سىلىقلاش مېيى تېرىنىڭ نەملىكىنى ساقلاپلا قالماستىن يەنە مايىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنىمۇ كونترول قىلالايدۇ. مايلىق تېرىنى سىلىقلاشقا دىققەت قىلمىغاندا، تېرە سىرتى قۇرغاقلىشىپ تېخىمۇ مايلىشىپ كېتىدۇ.

**10. دائىم چاچ ياستىپ تۇرغاندا چاچ تېز ئۆسىدۇ دېيىش خاتا.** چاچنى كېسىش ئارقىلىق چـاچنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى بولمايدۇ. بىـراق، دائـىم يـاستىپ تۇرسا چاچتىكى ئاچماقلارنى كېسىۋەتكىلى بولىدۇ.

**11. ئـۇخلاشتىـن بـۇرۇن گـىرىـملارنى يـۇيـۇۋېتىش كېرەك دېيىش توغرا.** گىرىمنى يـۇيـۇۋەتكـەندە، يـۈزدىـكى بۇلغىنىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ. پاكىزلاش مېيى ۋە تېرىنى ياشارتىش سۇيى تېرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئـەسلىگـە كەلتۈرەلەيدۇ. تېرىنى ئاسراش ئـۈچـۈن ئـالدى بىلەن تېرىنى پاكىزلاش كېرەك.

**12. ئەرزان تېرە سىلىقلاش مېيىنىڭ ئۈنۈمى قىممەت باھالىق مايلارنىڭ ئۈنۈمىدىن قېلىشمايدۇ، دېيىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تـوغرا.** چـۈنكـى قىممەت باھالىق گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى ھەر قانداق تېرىگە مـاس كېلـىۋەرمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ تېرە ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغاچقا، پەقەت ئـۆزىنىڭ تېرىسىگە ماس كېلىدىغان مايلا ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

**13. يـۈز تـازىـلاش مـەلھـمـى تېرە تۈشۈكچىلىرىنى تارايتىدۇ، دېيىش خاتا.** تېرە تازىلاش مەلھىمىنى دائىم ئىشلەتكەندە، تېرە توقۇلمىلىرىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. لېكىن تېرە تازىلاش مېيى پەقەت تېرىنىڭ سىرتقى قـىـسـمـىنـىلا يـاخشـىـلـىـيالايدۇ، تېرە تۈشۈكچىلىرىنى تارايتالمايدۇ. (05)

(ئابدىغېنى . ت)

# قانداق قىلغاندا مۇنداق ئۇن خىل مىجەزدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولىدۇ

**1. قاتمال كىشىلەر.** سىز بۇ خىل مىجەزلىك كىشىلەرگە ھەر قانچە تەكەللۇپ قىلىپ كەتسىڭىزمۇ، ھەتتا سىز ئۇلاردىن ئالاھىدە ئەھۋال سوراپ كەتسىڭىزمۇ، ئۇلار سىز كۈتكەندەك ئىنكاس قايتۇرمايدۇ، ئۇنداقلار ئادەتتە سىزنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭىزغا دىققەت قىلمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىشە - سۆزلەشمەيلا بىئاراملىق ھېس قىلىسىز.

بۇنداق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا، سىزنىڭ كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىڭىزگە، ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىنى بىلىۋېلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھەر بىر ئادەمنىڭ قىزىقىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرى بولىدۇ. شۇڭا، سىز بۇ بىر مۇھىم نۇقتىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاپ شۇ بويىچە گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويسىڭىزلا، ئۇ چاغدا ھەر قانچە كەم سۆز كىشى بولسىمۇ ئازراق «ئېغىز ئېچىشى» مۇمكىن، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش. شۇڭا، سىز بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئىگىلىۋېلىشىڭىز كېرەك.

**2. جىمغۇر كىشىلەر.** جىمغۇر كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ناھايىتى قىيىن. چۈنكى، قارشى تەرەپ ھەددىدىن زىيادە كەم سۆز بولۇپ كەتسە، سىز ئۇنى ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيسىز، سىزگە قىزىقىدىغان ياكى قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلىشكە تېخىمۇ ئامالسىز قالىسىز.

بۇنداق كىشىلەرگە قارىتا سىز بىۋاسىتە سوئال سوراش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىڭىز زۆرۈر. سوئال سوراشتا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇسۇل بويىچە سۆھبەتلىشىشتىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىشىڭىز كېرەك.

**3. ھاكاۋۇر، ئەدەبسىز كىشىلەر.** بەزىلەر ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ چاغلاپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنى «دۇنيادا بىر» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق قوپال، ھاكاۋۇر كىشىلەر ھەقىقەتەن باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، ئەڭ قارشى ئېلىنمايدىغان تىپىك شەخسلەردۇر. بىراق، بۇنداق كىشىلەر بىلەن باردى- كەلدى قىلىشقا توغرا كەلسە، سىز ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك؟

بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرگە مېغىزلىق، تەسىرلىك سۆزلىشىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار



بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك. قىسقىسى، «كۆپ گەپنىڭ پايدىسى يوق».

**4. ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىمايدىغان كىشىلەر.** ئەتراپىڭىزدا نۇرغۇنلىغان ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئوي - خىيالى، كۆڭلىدىكى پۇككەنلىرىنى باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئېيتمايدۇ. ھەتتا بەزىدە گەپنى قاچۇرىدۇ. شۇڭا سىز پۈتۈن زېھنىڭىزنى سەرپ قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشىڭىز، قارشى تەرەپكە «ئىشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى» ئاشكارىلاتقۇزىشىڭىز كېرەك.

**5. جاھىل كىشىلەر.** جاھىل ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇش قىيىن. چۈنكى، سىز مەيلى نېمىلا دېمەڭ، ئۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرغىچە جاھىللىق قىلىدۇ. بۇنداق جاھىللار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، بىر ئاۋارىچىلىق تۇغۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ۋاقتمۇ ئىسراپ بولۇپ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. شۇڭا سىز بۇنداق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا، «مۇۋاپىق دەرىجىگە يەتكەندە، توختىتىۋېلىش»نى ئېسىڭىزدە تۇتىشىڭىز كېرەك.

**6. ھاماقەت كىشىلەر.** بۇنداق كىشىلەر سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى ئاسانلىقچە بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بېرىش - كېلىش قىلسىڭىزمۇ نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە نىسبەتەن، سىز يەنىلا ئازراق بېرىش - كېلىش قىلغىنىڭىز ياخشى.

**7. ئالدىراقسانلىق بىلەن قارار چىقىرىدىغان كىشىلەر.** بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئىنكاسى قارىماققا تېز رەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مۇناسىۋەت قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ ماڭغاندا، ئۇشتۇمتۇت قارار چىقىرىۋېلىپ، كىشىدە «چاقماق تېزلىكى»دەك تەسىرات پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ باقمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇيەر - بۇيەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭكىنى توغرا قىلىپ قارار چىقىرىدۇ.

**8. ھەرىكىتى ئاستا كىشىلەر.** بۇنداق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا، سەۋرچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ قەدىمى، سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزگە ماسلىشالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سىزنىڭ ئالدىنئالا تەييارلىغان پىلانىڭىزغا ئۇيغۇنلىشالىشى ناھايىتى قىيىن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، سىز ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىپ، سەۋرچان بولسىڭىز، ئۇلار بىلەن ماسلىشىپ كېتەلەيسىز.

**9. ھېسسىياتسىز كىشىلەر.** ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ھېسسىياتى چىرايىدا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا ئالاقە قىلغاندا، قارشى تەرەپنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. لېكىن بەزىلەر ھېسسىياتسىز كېلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولمايدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ئالاھىدە ئېغىر بېسىق كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك.

**10. شەخسىيەتچى كىشىلەر.** بۇ خىل ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە پەقەت ئۆزىلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايدۇ.

ئەمما، كىشىلىك ھاياتتا بۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كەلگەندە، سىز بىزار بولۇش ھېسسىياتىڭىزنى ۋاقتىنچە بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ رايىغا بېقىنسىڭىز ياخشى. ئۇ ئۆزى تەكىتلەۋاتقان مەنپەئەتنىڭ مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىنى بايقىغاندا، ئاندىن رازى بولىدۇ. شۇنداق بولسىلا، ئالاقىدە چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز. (07)

(ئەنۋەر قادىر، مۇرات مەخمۇت . ت)

# ئىشەنچ ــ گۈزەل قەلب يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى



مەشهۇر شائىر ئىدكال بەخت توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا مۇستەھكەم بىر دەرۋازىغا دۇچ كېلىپ، ئۇنى ئاچالماي قالغان ۋاقتىمىزدا، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز قايتىپ كېتىمىزمۇ ياكى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى سىرلىرىنى تەتقىق قىلىمىزمۇ؟ دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە بەلكى دەل بىز كېچە - كۈندۈز ئىزلەۋاتقان نەرسە بولۇشى مۇمكىن! بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنى ئېچىشقا كىرىشىشىمىز كېرەك!»

ئىدكال يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېگەن چېغىدا، ناھايىتى مۇشكۈل ئەھۋالدا بولۇپ، يوقسۇزلۇق ۋە كېسەللىكنىڭ دەردىنى تەڭلا تارتىۋاتقانىدى. ئۇ ئاران 40 نەچچە يىللا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مول پەلسەپىۋى قاراشلىرى نەچچە يۈز مىڭلىغان ياشلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى. ئۇ بىر قەيسەر كىشى بولۇپ، ئايالىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان چاغدا، ئۇ بىئارام بولغانلىقتىن قولىدىكى قەلىمى توختىماي تىترەپ كېتىدۇ؛ دوختۇر ئۇنىڭغا سالامەتلىكىنى ئاسراش لازىملىقىنى، بولمىسا ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان چاغدىمۇ ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئايالى سەكراتتا چۈشۈپ قالغان كېچىسى ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى، ئۇ لاغىلداپ تىترەپ ياتقان ئايالىنى كۆرۈپ، قوپقۇرۇق يانچۇقلىرىنى سىيلاشتۇرۇپ خۇددى يۈرىكىگە پىچاق سانجىغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ، ئېغىر ئۆپكە كېسىلى بولۇپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئازابىنى چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىمۇ كۆز يېشى قىلمايدۇ، ھەسرەتمۇ چەكمەيدۇ. ئۇ، گەرچە داڭقى چىققان شائىر ۋە يازغۇچى بولسىمۇ، بىراق ئۆيىدىن ئايالىغا يېيىپ قويغۇدەك بىرەر ئەسكى يوتقانمۇ تېپىلمايتتى! ئۇ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئايالىنىڭ كارۋىتى بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن بىر جۈپ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «تاقەت قىل سۆيۈملۈكۈم، مەن ئېرىپ بىر نەچچە كىچىك دوست تېپىپ كېلەي!» - دەيدۇ-دە، چىقىپ كېتىدۇ، بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۈچ ئاسلاننى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئاسلانلار ئايالىنىڭ پۇتىنى چۆرىدەپ ياتقىنىچە ئۇيقۇغا كېتىدۇ، ئايالىمۇ ئۇخلاپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇ مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا شېرىن ھەم كۆڭۈللۈك تەبەسسۇمنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئادەم ئەڭ مۇشكۈل پەيتلەردە ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىشى ۋە ئۈمىدۋار كەيپىياتتا بولۇشى لازىم. بۇ شەك-شۈبھىسىزكى ئادەمنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە گۈزەل قەلب يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. (04)

(«تۇرمۇشىمىزغا سالامەتلىك تىلەيمەن»دىن)

## «1» دىن باشلانغان قولايلىق تېلېفون نومۇر

110: ساقچىغا مەلۇم قىلىش تېلېفون نومۇرى؛

115: سۇنىشى باشقۇرۇلىدىغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېلىش نومۇرى؛

116: سۇنىشى باشقۇرۇلىدىغان، دۆلەت ئىچى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سۈرۈشتۈرۈش نومۇرى؛

119: ئوت ئاپىتىنى مەلۇم قىلىش نومۇرى؛

120: كېسەللىكنى جىددىي قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش نومۇرى؛

122: قاتناش ھادىسىلىرىنى مەلۇم قىلىش نومۇرى؛

114: شەھەر ئىچى تېلېفون نومۇرىنى سۈرۈشتە قىلىش نومۇرى؛

117: ۋاقىتنى مەلۇم قىلىش نومۇرى؛

121: ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش نومۇرى؛

113: دۆلەت ئىچى سۇنىشى باشقۇرۇلىدىغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېلىش نومۇرى؛

184: پوچتا نومۇرىنى سۈرۈشتە قىلىش نومۇرى؛

173: دۆلەت ئىچى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى يېرىم ئاپتوماتىك تېز ئۇلاپ بېرىش نومۇرى؛

176: دۆلەت ئىچى ئۇزۇن يوللۇق يېرىم ئاپتوماتىك سۈرۈشتە قىلىش نومۇرى؛

160: سۇنىشى باشقۇرۇلىدىغان ئۇچۇر مۇلازىمىتى نومۇرى؛

168: ئاپتوماتىك ئاۋازلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى نومۇرى؛

126: سىمسىز چاقىرغۇ نومۇرى؛

127: سىمسىز ئاپتوماتىك چاقىرغۇ نومۇرى؛

112: شەھەر تېلېفون كاشىلىسىنى سۈرۈشتە قىلىش نومۇرى؛

بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەقسىز سۆزلىشىدىغان ۋە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدىغىنى: 110، 119، 120، 112، 113، 115، 116، 173، 176. (02)

(ئايتۇرسۇن . ت)



## ئۆي سايمانلىرىدىكى كۆيۈك ئىزنى...

بەزى ۋاقىتلاردا قايناق سۇ قويۇلغان ئىستاكاننى سىرلانغان ئۆي سايمانلىرىنىڭ ئۈستىگە قويغاندا يۇملاق كۆيگەن ئاق ئىز پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەتىر ياكى قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن سۈرتكەندە كۆيۈك ئىزنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قەۋەت سىر ئېرىپ كۆيۈك ئىزنىڭ ئۈستىگە تارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي سايمانلىرى ئەسلىدىكى پارقىراق ھالىتىگە كېلىدۇ. (02)

(ئايتۇرسۇن. ت)

## سائەت ئىچىدىكى سۇ پارىنى...

سائەت نەملىشىپ قالسا ئاسانلا داتلىشىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بىر نەچچە قەۋەت تازىلىق قەغىزى ياكى نەملىكنى ئاسان سۈمۈرىدىغان لاتىغا سائەتنى چىڭ ئوراپ 40 W لىق لامپۇچكىدىن تەخمىنەن 15 mm يىراقلىقتىكى ئورۇنغا قويۇپ قويسا 30 مىنۇتتىن 60 مىنۇتقىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە سائەت ئىچىدىكى پارنى پۈتۈنلەي يوقاتقىلى بولىدۇ. (02)

(ئايتۇرسۇن ت)

تۇرمۇش سىلسى

گېزىت

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ

## تۇغۇتتىن ساقلىنىش

بەزى ئاياللار ئۇزۇن مەزگىل تۇغۇتتىن ساقلى
دورىسىنى يېگەندە بېشى قېيىپ، ماغدۇرسىزلى
كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولىدۇ. تۇغۇت چەكل
دورىسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئاياللىق گور
ۋە ھامىلدارلىق گورمۇنى بولۇپ ئاياللىق گور
ۋىتامىن B6 گە ئېھتىياجلىق بولۇپ دائىم تۇ
چەكلەش دورىسىنى يېگەنلەرنىڭ ۋىتامىن B6
بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ بارىدۇ. ۋىتامىن B6 ب

## دىئابىت كېسەللىكنى بايقاش ئۇسۇ

دىئابىت كېسەللىكى سۈيدۈكتە ق
مىقدارى كۆپ بولغاندىكى بىر
كېسەللىك. جۇڭگوچە ۋە غەربچە داۋالا
پۈتۈنلەي ساقىيىشى تەس بول
تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەردىن دىئاب
كېسەللىكى بار-يوقلۇقىنى بىلگ
بولىدۇ.

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى: كىچىك تەر
قىلغاندا كۆپۈك ئاسانلىقچە يوقالم
دىئابىت كېسىلى بار دېيىشكە بولىدۇ. سا
كىشىلەر كىچىك تەرەت قىلىپ بولۇشى
كۆپۈك يوقاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن ب
سۈيدۈك تەرەت قاچىسىغا تېگىپ ئا

1997 - يىل
ئاپرېل
(ئومۇمىي
100 - سان)

## لىفتقا چۈشكەندە ...



1. لىفت خەتەرلىك سىگنالىنى بەرگەندە لىفتقا چۈشمەسلىك لازىم.

2. لىفت ھەرىكەتلەنگەن ۋاقىتتا تېز ياكى ئاستا بولۇشىنى چىرىغىنىڭ يېنىق ياكى ئۆچۈكلۈكى چۈشەندۈرىدۇ. ۋەقە تۇغۇلسا ياكى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا جىمجىتلىقنى ساقلاش لازىم. مەشغۇلات خادىمىنىڭ قوماندانلىقىنى ئاڭلاپ لىفت توختاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تەرتىپلىك ھالدا لىفتتىن چىقىش لازىم.

3. لىفتنىڭ ئۇچقاندەك پەسكە چۈشۈشى، چىرىغىنىڭ تېزلىك بىلەن بىر ئۆچۈپ بىر يېنىشى لىفتنىڭ كونتروللۇقنى يوقاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا لىفتنىڭ مەلۇم بىر يېرىنى ئىككى قول بىلەن چىڭ تۇتۇۋېلىپ ھەم پۈتۈن كۈچ بىلەن بەدەننىڭ بىرەر يېرىنى لىفتنىڭ تۆت تېمىغا تەگكۈزۈۋەتمىگەندە لىفتنىڭ كۈچلۈك تەۋرىنىشنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. سەكرەپ چىقىشقا ئامالسىز قالغاندا ئىككى قول بىلەن باشنى چىڭ تۇتۇپ سەل ئېگىلىپ پۇتنى يىغقان ھالدا كۈچىنىڭ بارىچە چوڭقۇر نەپەس ئالسا مەلۇم مىقداردا تەۋرىنىشنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ. (02)

(ئايتۇرسۇن . ت)

## ... دورىسىنى ئىشلەتكەندە ...

بىر ۋاقىتتا ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك بولغان كراخمال، ئاقسىل ۋە قەنت قاتارلىقلار ماددىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى بىلەن ئادەم بەدىنىدە ھەر خىل كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا دائىم تۇغۇت چەكلەش دورىسىنى ئىشلەتكەنلەر تەركىبىدە ۋىتامىن ۋە ۋىتامىن B6 بولغان يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى لازىم. (02)

(ئايتۇرسۇن. ت)

ئېقىپ چۈشسە بۇنى ساغلام كىشى، ئەگەر سۈيدۈك تەرەت قاچىسىدا دۈغلىنىپ ئېقىپ چۈشۈشى تەس بولسا دىئابىت كېسىلى دىبىشكە بولىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سۈيدۈك تەكشۈرسە دىئابىت كېسەللىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئەگەر سۈيدۈكتە ئاقسىل بولسىمۇ يەنىلا مۇشۇ ئالامەت كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈش كېرەك. (02)

(نېغمەت. ت)



## ئائىلە ئىناقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار



1) شەخسىيەتچىلىك. ئۆزىنىلا ھېسابلاش، باشقىلارنى ئويلىماسلىق، ئۆزىنىڭلا تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئويلاش. باشقىلارغا نىسبەتەن ئاز كۆڭۈل بۆلۈش، ئاز تەكىتلەش ئىدىيىسى.

2) ئۆزىنىلا قوغداش ئىدىيىسى. شەخسىيەتچىلىكنى يادرو قىلىپ دائىم باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش، ئېغىر دەرىجىدە ئائىلە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش.

3) گۇمانخورلۇق. قالايمىقان ئويلاردا بولۇش، دائىم باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن يامان گەپ قىلىشىدىن گۇمانلىنىپ جورىسىنى سىرتتا باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، دەپ گۇمانلىنىش.

4) باشقىلارغا تايىنىۋېلىش ئىدىيىسى. تايىنىۋېلىش ئىدىيىسى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ ئىش قىلغاندا دائىم باشقىلارغا تايىنىۋېلىش، ئىشنى تۆگىتەلمىسە قاتتىق ئاچچىقلاش، ئائىلە ئىناقلىقىغا ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. (02)

(ئايتۇرسۇن. ت)








↑ ھوشۇر تاش يازغان.






↑ قۇدرەت قۇربان يازغان.

← ئەسقەرجان ئىزىز يازغان.



# ئۆتكۈر ئەپەندى قوللانغان تەخەللۇسلار

★ كېرىمجان ئابدۇرېھىم ★

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغانلىقىنى، بۇ تەخەللۇسنىڭ ناھايىتى كەڭ ئومۇملىشىپ ۋە شۇنداق چىرايلىق يارىشىپ، ھازىرقى كۈندە بۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئىسمى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن ئۇنىڭ «مىسكىن» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ قوللانغانلىقىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. ئۆتكۈر ئەپەندى «ئۆتكۈر» دېگەن تەخەللۇستىن باشقا يەنە «مىسكىن» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ بىر مەزگىل قوللانغان.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1940-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى»، «يېڭى نۇر» ژۇرنىلى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرغان «گاڭ قانات لاچىن»، «كۆرەش دولقۇنلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» داستانى بىلەن باشلانغان. بۇ ئەسەرلەردە ئا. تىلەشۇق دېگەن ئىسمنى قوللانغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇشۇ مەزگىللەردە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەدەبىي بېتى- «ئەدەبىيات گۈلزارى»دا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. «ئەدەبىيات گۈلزارى» ئاشۇ يىللاردا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئاساسلىق مەتبۇئات سورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىللىرىدە ئۆتكۈر ئەپەندى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت ھەمكارلىقى ئورناتقان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان. «ئۆتكۈر» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئۇنىڭغا لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەقدىم قىلغان. ئۆتكۈر ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا ئەدەبىي ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا ناملىق لىرىك داستانىم 1941-يىلى نويابىردا «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئەدەبىي تەخەللۇس ئالماشتۇردۇق. ئۇ ماڭا «ئۆتكۈر» دېگەن سۆزنى تەقدىم قىلدى، مەن ئۇنىڭغا «قاينام» دېگەن سۆزنى تەقدىم قىلدىم. بىراق ئۇ «قاينام»غا «ئۆركىشى»نى قوشۇپ، «قاينام ئۆركىشى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللاندى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ ئا. ت. ئۆتكۈر ئىمزاسى بىلەن ئەسەر ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىمەن» («مېنى خەلقىم

قوچاقىدىن ئايرىما» «ماي بۇلاق» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان) لۇتپۇللا «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرىدا «ئۆتكۈر» دېگەن بۇ تەخەللۇسنى ۋە ئۆتكۈر ئەپەندىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:

شەۋكەت تاپمايسەن ئىجاد بېغىدا تۇرمىساڭ خالىس،
سايرا ئۆتكۈر، ھالڭ ـ تالڭ قالسۇن ئۇ، بۇلبۇلىستان بول!

شۇنداق قىلىپ ئۆتكۈر ئەپەندى 1941 ـ يىلدىن باشلاپ «ئۆتكۈر» تەخەللۇسنى قوللانغان. بۇ تەخەللۇس شېئىرلاردا مۇنداق كەلگەن:

ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكۈر ئادا بولدى قەلەندەردەك كېزىپ،
يوقمىدۇر شۇنچە جاھاندا دەردىگە بىر دەرمان نېمە!
ـ «ئارمان نېمە» دىن (1948 ـ يىلى)

كەتمىگەي ئارماندا ئۆتكۈر كۆزدە قانلىق ياش بىلەن
يورۇتقىلى تۇن پەردىسىنى تاڭ زىياسى يوقمىدۇر؟
ـ «تاڭ زىياسى يوقمىدۇر» دىن (1949 ـ يىلى)

ئۆتكۈر ئەپەندى 1968 ـ يىلى «سەجدىگاھىمغا» ناملىق مەشھۇر شېئىرنى يازغان بولۇپ، بۇ شېئىردا «مىسكىن» تەخەللۇسنى تۇنجى قېتىم قوللانغان. بۇ تەخەللۇس شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كۆڭۈل مۇلكىدە جاي يوقتۇر سېنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلەق،
قەسەمىيادىم ئۈچۈن مىسكىن مېنىڭ ئۆلمەس كۇۋاھىمدۇر.

ئۆتكۈر ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىدا بۇ تەخەللۇسنى قوللانغان:

بولما مىسكىن نائۈمىد تۈنمۇ تۈگەيدۇ بىر كۈنى،
يانغۇسى تاڭ مەشئىلى زۇلمەتكە ئوتلار ياققىلى.
ـ «يانغۇسى تاڭ مەشئىلى» دىن (1970 ـ يىلى)

ئەمما، 1972 ـ يىلى يازغان «باھۇر غەزىلىگە مۇشائىرە» دېگەن شېئىرىدا يەنە ئۆتكۈر تەخەللۇسنى قوللانغان. يەنە شۇ يىلى يازغان «ئاق ئەمەس ساچىمدىكى»، «تېپىلماس» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئوخشاشلا «مىسكىن» تەخەللۇسنى قوللانغان. ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تەخەللۇسنى 1978 ـ يىلى يازغان «غەنىيمەت» دېگەن شېئىرىدا:

مىسكىن ئېيتۇر: يالتىراق ساختا شۆھرەت نەكېرەك،
غۇربەت ئىچرە يۇرسەڭمۇ ئەلگە خىزمەت غەنىيمەت.

دەپ ئاخىرقى قېتىم ئىشلەتكەن. ھېسابتا ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تەخەللۇسنى توپ ـ توغرا ئون يىل ئىشلەتكەن. شائىرنىڭ بۇ تەخەللۇسنى ئىشلىتىشى شائىرنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ياشاش مۇھىتى، ئىدىيۋى ئەھۋالى، ھېسسىيات ـ كەيپىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈلسىز بىر مەزگىل بولدى. ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ مەزگىللەردە

«قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى،
شامال دارىپ كېكەچ قىلدى تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس پالەچمەن،
نېمەم بىرلە قىلاي رازى ئېلىمنى!

تىرىك دېسەم تىرىكلىكتىن مەنا يوق،
ئۆلەي دېسەم ئۆلۈكمىگە باھانە يوق.
كۆڭلۈمدە خىيال، كۆڭلۈمدە تەشۋىش، كۆڭلۈمدە غەم،
دەردىم ئېيتسام، دەردكە دەرمان دانا يوق».

(ئۆتكۈر ئەپەندى رۇبائىيلىرىدىن) دېگەندەك ھالەتتە قالغان. شۇڭا مىسكىن تەخەللۇسنى قوللانغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ يىللاردىكى مىسكىنلىكىنى ئىپادىلىگەن (06)

(سۈرەتنى قەيۇم تۇرسۇن تەمىنلىگەن)

# مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقان قەدىمكى كىرورەن

تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ شەرقىدە كۆمۈلۈپ ياتقان بىر قەدىمكى شەھەر بولۇپ، گەرچە ۋەيران بولغىنىغا 1000 يىللارچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ شەھەرنىڭ سىپىللىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇددا مۇنارى، مۇقەددەس قەسىرلەرنىڭ خارابىلىرى ھېلىھەم كۆزگە چېلىقىدۇ. مانا بۇ 4000 - 5000 يىل ئىلگىرى پارلاق مەدەنىيەت، گۈللەنگەن ئىقتىساد، قۇدرەتلىك دۆلەت كۈچى بىلەن ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغان كىرورەن قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىدۇر.

ئۇنداقتا كۆلىمى چوڭ، قۇرۇلۇشى ئېسىل بۇ قەدىمكى شەھەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا نېمە سەۋەپتىن يوقالغان؟ بۇ ھازىرغىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە. كىرورەن قەدىمكى دۆلىتىنىڭ خارابىسىنى ئەڭ دەسلەپ 1900 - يىلى شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيون سۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلىگە كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا تۇيۇقسىز بايقىغان. بىر ئەسىردىن بۇيان بۇ زېمىنغا گېرمانىيىدىن لىشخوفىن، روسىيىدىن كوزىروۋ، ئەنگلىيىدىن ستەيىن، جۇڭگودىن خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئارقا - ئارقىدىن قەدەم باسقان. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىپ، كىرورەننىڭ يوقىلىشى توغرىسىدا خىلمۇ خىل پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن «يىپەك يولىنىڭ لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش تەلىماتى»، «يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش تەلىماتى» ۋە «دەريا ئېقىمى يولىنى ئۆزگەرتىش تەلىماتى»قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن.



ئالدىنقى ئىككى خىل قاراش كىشىنى قايىل قىلالايدۇ. كېيىنكى بىر خىل قاراشنىڭ خېلى ئىلمىي ئاساسى بار. لېكىن دەريا ئېقىمى قانداق قىلىپ «يولىنى ئۆزگەرتتى» «نېمە ئۈچۈن «يولىنى ئۆزگەرتىدۇ؟» بۇنىسى تىلغا ئېلىنمىغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ھاۋارايى پەن تەتقىقات خادىملىرى كۆپ قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن ھۆججەت ۋە تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن «كىلىمات ئۆزگىرىش تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. كىرورەن پادىشاھلىقىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن، مىلادى 3 - ئەسىرگىچە بولغان بىر نەچچە يۈز يىل ۋاقىت دەپ قارالغان. مۇشۇ چاغدا كىرورەن دۆلىتىنىڭ زېمىنى كەڭ، نوپۇسى كۆپ بولغان. مۇشۇ مەزگىلدىكى تاۋۇتلارنىڭ قېزىپ چىقىرىلغانلىرىنىڭ كۆپى يالغۇز كىشىلىك تاۋۇتلار بولۇپ، دىئامېتىرى ئادەتتە 70 سانتىمېتىر، بەزىلىرىنىڭ 100 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. بىرگە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بۇيۇملاردىن قېيىق پالىقى، بېلىق سۆڭىكى، بېلىق سېۋىتى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار. كىرورەن قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى دىئامېتىرى تەخمىنەن 60 — 70 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 8 — 15 مېتىرغىچە كېلىدىغان يەرنى تەكشۈرگەندە، بۇ

يەردىكى ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىكى توغراقنى ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەنگەن. خارابىلەرنى تەكشۈرگەندە، قەدىمكى ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېنىغا ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى، تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ۋە مال باققانلىقى مەلۇم بولغان.

تېپىلغان يازما ماتېرىياللاردا يەنە ئەينى چاغدىكى كىرورەندە «ياز پەسلىدە زور كەلكۈن كەلگەندە، 50 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سۇ ئامبىرى ياسىغان»لىقى، سۇ ئىنشائات مۇئەسسەسەلىرى «سۇ مەركىزى»، «كۆۋرۈك پايلاقچىسى» «كۆۋرۈكچىلەر»نى تەسىس قىلغانلىقى، سۇ بېجى قاتارلىق تۈزۈملىرىمۇ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ تولۇق ۋە سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەخمىنەن مىلادى 3-، 6 - ئەسىرگىچە، كىرورەننىڭ كىلىماتى تەدرىجىي سوغۇق نەملىكتىن ئىسسىق قۇرغاققا ئۆزگىرىپ، سۇ ئىشلىتىشمۇ كۈنسايىن جىددىيلىشىپ قالغان. كىرورەننىڭ غەربىدىكى قەدىمكى نىيىدىن قېزىپ چىقىلغان يازما ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ چاغلاردا سۇ مەنبەسى جىددىي بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇ قايىقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىنى پېچەتلەپ، قالايمىقان ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلمىغان. شۇڭا پادىشاھدىن سۇ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن ھەمدە ئوغرىلىقچە دەرەخ كەسكۈچىلەرنى جازالاش قانۇنىمۇ بولغان. خەلقلەرنىڭ يەنە سۇ ساقلاش ئۈچۈن چوڭ كۆپ (ئىدىش)لەرنى ياساپ ئىشلەتكەنلىكى ئاشۇ چاغلاردا كىلىمات قۇرغاقلاشقانلىقىنى، دەل - دەرەخلەرنىڭمۇ تەدرىجىي ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1979 - يىلى يەنە ئاشۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان موميا (قۇرىغان جەسەت)لەر قەبرىلىرى قېزىپ چىقىلدى. بۇلار دەل مۇشۇ دەۋر كىلىماتىنىڭ قۇرغاقچىلىققا ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كىرورەن تاقىر يەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، كىرورەنلىكلەر كۆچۈپ تارقىلىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇرۇنقى ئاۋات كىرورەن دۆلىتىمۇ ئاستا-ئاستا يوقالغان. (09)

(تۇرسۇن پىداقۇل . ت)

## ئەخلاق توغرىسىدا ئۈزۈندىلەر

ئالىيجاناب، گۈزەل ئەخلاق كىشىلەرنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى قوزغاپ، ئىجادىيەتتە تېخىمۇ زور كۈچ، تېخىمۇ زور ئىلھام ۋە يېڭى، ئىلغار ئىدىيە بېغىشلايدۇ.

چىرىك، ناچار ئەخلاق كىشىلەرنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ ئۆسۈشىگە، ئۇنى جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىپ، كىشىلەرنى تۈيۈق يولغا باشلايدۇ.

«كىمكى نام - شۆھرەت ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت شەيتاننىڭ دامىغا چۈشكەنىكەن، ئۇنىڭ ئۆز ئەقلىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس».

چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلەر ھەمىشە نام شۆھرەت ھەم پۇل - دۇنيا ۋەسۋەسى بىلەن پاكىتنى يوشۇرۇپ ھەقىقەتنى بۇرمىلايدۇ.

ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلەرنىڭ ئەخلاق پرىنسىپى شۇكى، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ھەمىشە چىرىك مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئاساس قىلىدۇ. مۇنداق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى كىشىلەرنى ھەسەتخور، مۇتەئەسسىپ، توخۇ يۈرەك، ساختىپەز، ئىككى يۈزلىمىلىككە ئوخشاش يامان ئادەتلەرگە ئۆگىتىدۇ. ئەگەر ئۇ بىلىش ھەرىكىتىگە كىرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇقەررەر.

ئىلىم - پەننىڭ چوققىسىغا چىقىشتا، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا پىداكارلىق روھ ۋە قەيسەر ئىرادە بولمىسا بولمايدۇ. (04)

## «دەرىجىدىن تاشقىرى»
## سودا - سېتىق

مەن ئۆز دەستۇرى بولمىغان بىرەر مال ساتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئەزەلدىن كۆرمىگەن. «سودا سارىيىنىڭ دەستۇرى» بەلكىم مۇشۇ ساھەنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولسا كېرەك. كەڭ تارقالغان ئاشۇ دەستۇرلار ئىچىدە، نىسبەتەن ئۈنۈم بېرىدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە: تاۋارلارنى پىششىق بىلىش، مۇناسىۋەت كەڭ بولۇش، ئۆز ۋاقتىدا سېتىش، ئاددىي ساۋاتلارنى قوللىنىش.

**1. تاۋارلارنى پىششىق بىلىش.** تېخىمۇ مۇھىمى ئۆز كەسپىڭىزنى پىششىق بىلىشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىزنىڭ ئەۋرىشكە تىزىملىكىڭىزنى ئەستە تۇتۇشىڭىز، ۋەزىيەتكە ماسلىشىشىڭىز، رىقابەت ۋەزىيىتىنى كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى شۇنچە تېز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، كىشىلەرنىڭ بىرەر بولكا پىشۇرۇش پېچى، ھەتتا بىرەر ماشىنا ياكى بىرەر كومپيۇتېر ئانا ماشىنىسىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈنمۇ ھەر تەرەپتىن باھا سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز خېرىدارلار ئۈچۈن كۆپ جەھەتتىن باھا سۈرۈشتۈرسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئاشۇ خېرىدارلارنىڭ سىزگە قانچىلىك ئىشىنىدىغانلىقى ھەمدە چوڭقۇر مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا چۆمىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.




مال ساتقۇچىلار بىلەن تاۋار ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل مۇناسىۋەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، يەنى ئۆزىڭىزدە ساتماقچى بولغان تاۋارغا قارىتا ئىشەنچ بولۇشى كېرەك.

**2. مۇناسىۋەت كەڭ بولۇش.** بۇ، ناھايىتى ياخشى بىر تەكلىپ. ئەگەر، سىز سېتىش ھەرىكىتى پەقەت بىر خىل سان ئويۇنى، ئۇ سىزنىڭ قانچىلىغان خېرىدارلارنى زىيارەت قىلغانلىقىڭىزنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا زور خاتا قارىغان بولىسىز. سىز زىيارەت قىلىدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئەييەن زېھنىي كۈچ ئارقىلىق، ئۆزىڭىز زىيارەت قىلماقچى بولغان ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە ئويلىنىشىڭىز، شۇنداقلا قاچان، قانداق ۋاقىتتا زىيارەت قىلغاندا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشىڭىز لازىم. سېتىش ھۈنىرىڭىزنى تېخىمۇ ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياج ئارزۇسىنى قوزغىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلىسىز.

**3. ئۆز ۋاقتىدا سېتىش.** مەن بۇ ئۇسۇلنىڭ زور ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىغا ئىنتايىن ئىشىنىمەن. گەرچە بۇ ئىش بەزىلەردە «ناچار تەسىر» پەيدا قىلىدىغان بولسىمۇ يەنىلا ئىشىنىمەن. ئۇلار، بۇ گەپ ئارقىلىق باشقىلارغا خالىغانچە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈشكە، ئۇلارنى خالىغانچە ئاۋارە قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. «ئۆز ۋاقتىدا سېتىش» ٪90 ئەھۋالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، ئەمما خېرىدارلار سېتىۋېلىشنى ئەسلا ئويلىمىغان ياكى زۆرۈر بولغاندا سېتىۋالماقچى بولغان ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

**4. ئاددىي ساۋاتلارنى قوللىنىش.** بۇنىڭ ئۆزى ئەڭ توپ ساۋات. مەن شۇنداقمۇ كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمەنكى، ئۇلار بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى قول بېغىشلىرىغا يېزىۋالغان ھالەتتىمۇ، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى يەنىلا خاتا چۈشىنىدۇ. بۇنداق ئادەملەر گەرچە كۈندە بىر يېڭى خېرىدارغا يولۇقسىمۇ، خېرىدارنىڭ قىزىقىمىغىنىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرسىمۇ، يەنىلا بايىقى كونا مۇقام، بىمەنە سۆزلىرىنى تەكرارلاۋېرىدۇ، ئۇلار يەنە تېخى كاللىسىدا پەيدا بولغان ھەر قانداق بىر پىكىرنى دەرھال ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەكلىكىگىمۇ ئىشىنىدۇ.

ئاددىي ساۋاتلار ھەر قانداق ۋاقىتتا پايدىلىق. ئەمما بەزىدە ئاددىي ساۋات سىزگە ئەڭ زۆرۈر بولغاندا، ئەكسىچە سىز ئۇنى ئېھتىياجلىق ئەمەس، دەپ ئويلايسىز.

بىر مۇنەۋۋەر مال ساتقۇچى بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداش كېرەك. 1) ئۆز تاۋارلىرىغا ئىشىنىش؛ 2) ئۆزىگە ئىشىنىش؛ 3) ۋاقىت ئۇقۇمىنى تۇرغۇزۇش؛ 4) يۇمۇرىستىك تۇيغۇ (ھېسسىيات) يېتىلدۈرۈش؛ 5) كۆڭلىدە خېرىدارلارنىڭ سىزگە نېمە سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىنىڭ ناتايىنلىقىنى بىلىش.

مال ساتقۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى يۇقىرىقىدەك رەتكە تىزىپ چىققاندىن كېيىن، مەن يەنە بىر «دەرىجىدىن تاشقىرى» مال ساتقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك بەزى بىلىملەر ئۈستىدە توختالماقچىمەن.

1. كونا خېرىدارلار ئۈستىدە كۈچ چىقىرىش. كونا خېرىدارلار ئۈستىدە كۈچ چىقىرىش ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى «% 80 تىجارەت % 20 خېرىدار بىلەن باشلاش زۆرۈر» دېگەن سۆزگە ئىشىنىمەن. چۈنكى بىر خېرىدار سىزدىن بىر قېتىم نەرسە-كېرەك ئېلىپ، بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلسا، ئۇ چوقۇم يەنە كېلىپ سېتىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ سودا ساھەسىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال.

يۇقىرىدىكى سۆز يەككە تىجارەتچىلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. مۇنداق بىر مىسال بار: ئامېرىكىدىكى 75 مىڭ نەپەر 20-ئەسىر كۆچمەس مۈلۈك ۋاستىچىلىرى ئىچىدە، ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى نىكولاي باسان دېگەن بىر رومىنىيىلىك بولۇپ، ئۇ نيۇ-يوركنىڭ مەلۇم بىر رايونىدا ھەر تۆت كۈندە بىر يۇرۇش ئۆي ساتقان، تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، ئۇ ھەر يىلى 1 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى شېرىنكانە ئالغان، بۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى كونا خېرىدارلاردىن كەلگەن. ئۇ، كونا خېرىدارلارنى دائىم يوقلاپ، شۇ ئۆي ئىگىلىرىدىن ئۆي سېتىۋالغانلىقىغا رازى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرغان.

2. خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش جەريانىدا، مەن شۇنداق بىر تەجرىبىنى يەكۈنلىدىمكى، تەنتەربىيىنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر ئەزىمەتنىڭ مەلۇم تەنتەربىيە تۈرىدە مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشىشى بەك تەس ئىش ئەمەس.

بۇندىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، نيۇ-يوركتا بىر ئاسار-ئەتىقە سودىگىرىنىڭ قانداق خىزمەت ئىشلىگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ئۆز ماللىرىنى ئائىلىسىدىكى 15 ئېغىز ئۆيىگە قويۇپ، ئۇلارنى رەتلىك تىزغان. مېھمانلار كەلسە، ئۆيمۇ ئۆي ئايلاندۇرغان ھەمدە ھەر بىر ئاسار-ئەتىقىنى تەسىرلىك، قىزىقارلىق قىلىپ تونۇشتۇرغان، ئىشلەپچىقىرىلغان دەۋرى، لايىھىلىنىشىنىڭ ئىنچىكىلىكى، ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ سېپىلىقى قاتارلىقلارنى، ھەتتا بۇ قېتىم باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىشتا قانداق قىلىپ تۆۋەن باھادا ئالغىنىغىچە بولغان ئەھۋاللارنى زوق-شوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن.

3. كىچىك كۆلچەكتىن چوڭ بېلىق تۇتۇش. خۇددى مېنىڭ تەكلىپ قىلغىنىمدەك، بەزى ياشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەلۇم شىركەتنىڭ خەلقئارا بۆلۈمىدىن خىزمەت ئىزدىگىنى تۈزۈك. چۈنكى ئۇنداق مۇھىتتا، سىزدە بىر خىل كىچىكرەك رىقابەتتە چوڭراق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتەك شان-شەرەپ تۇيغۇسى بارلىققا كېلىدۇ. مېنىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق دەپ قارايمەنكى، مۇنەۋۋەر مال ساتقۇچىلارنىڭ «قىستاڭچىلىق» رايونلىرىدىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. (07)

(«تىجارەت دەستۇرى» دېگەن كىتابتىن پەرھات ياسىن. ت)
(فاتىخ شەرق فوتوسى)

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەشتىكى رولى

★ مەخسۇت ھېيت ★

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئىنسانلار ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسانلار ياراتقان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يالدامىسى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ جەۋھىرى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە، قەدىمكى ئىنسانلار ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىزلار، خارابىلەر، غار - ئۆڭكۈرلەر، گەمە - كەپىلەر، تۇرالغۇ ئۆيلەر، قەدىمكى قەبرىلەر، تاش قوراللار، مىس قوراللار، تۆمۈر قوراللار، ساپال قاچىلار، ياغاچ سايمانلار، زىننەت بۇيۇملىرى، قىيا تاش رەسىملىرى، تاش ھەيكەللەر، قەدىمكى شەھەر ـ قورغانلار، تۇرلار، تاش غار ئىبادەتخانىلىرى (مىڭئۆيلەر)، تاش ئويما ـ ئابىدىلەر، تام رەسىملىرى، قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، قول يازمىلار، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، دېھقانچىلىققا ئائىت ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، چالغۇ ئەسۋابلار، زور تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە مەشھۇر شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق يادىكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ قىممىتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىنى، ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى بىلىشتە، ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرەرسى يوقالسا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمىغانلىقتىن، ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئاسراش ۋە قوغداشنى لازىم.

كىشلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى «دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ سىمۋولى، بىباھا گۆھەر» دەپ تەرىپلىشى ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئەمەس.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي 1953 ـ يىلى قۇرۇلغان. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش، يىغىۋېلىش، تەتقىق قىلىش، كۆرگەزمە قىلىش، مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ئالىم، تەتقىقاتچى،







ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ياردەم بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا بىر قانچە قېتىملىق چوڭ، كىچىك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئارقىلىق نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغان ئېسىل بۇيۇملار «شىنجاڭ تارىخىي كۆرگەزمىسى»گە قويۇلدى. شۇندىن باشلاپ مەزكۇر كۆرگەزمە ئۈزلۈكسىز يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تولۇقلاندى ۋە كېڭەيتىپ ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ كەڭ تاماشىبىنلارنى تېخىمۇ كۆپ جەلپ قىلدى. ھەر يىلى مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن ئون مىڭلىغان تاماشىبىن بۇ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، چوڭقۇر تەسىرات ئالدى. بۇ كۆرگەزمىنى كۆرگەن تاماشىبىن تۆۋەندىكىدەك چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايدۇ:

1. كۆرگەزمىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قويۇلغان بۇيۇملار ئاتۇشتىن تېپىلغان ئادەم بېشىنىڭ تاشقاتمىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ھەر خىل تاش قوراللار، مىس قوراللار، تۆمۈر قوراللار، ساپال قاچىلار ۋە دەسلەپكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت. بۇنى كۆرگەن ھەر بىر تەپەككۇر ئىگىسى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئىنسانلار پەيدا بولغان، ياشىغان ۋە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ياراتقان خاسىيەتلىك تۇپراق ئىكەنلىكىنى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك قىلىشنى بىلەنلىكى ۋە ئەمگەك قوراللىرىنى ياساشنى ئۆگىنىپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشىنىپ ئالىدۇ.

2. ئىنسانىيەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپ ھېسابلىغاندا نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنلىكى، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا، ئازلىقتىن كۆپلۈككە، جاھالەت دەۋرىدىن مەرىپەت دەۋرىگە، بىلمەسلىكتىن بىلىشكە، پاسسىپ ھالەتتىن ئاكتىپ ھالەتكە، تەبىئەتكە ئاڭسىز ھالدا بېقىنىشتىن تەبىئەتنى ئاڭلىق، ئۇنۇملۇك ئۆزگەرتىشكە، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە مول ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ ئالالايدۇ.

3. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خۇسۇسىي مۈلۈك پەيدا بولۇپ، ئىنسانلار سىنىپلارغا يەنى ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قارمۇ قارشى گۇرۇھقا ئايرىلغان. قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى قۇللار، فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى دېھقانلار، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى ۋە قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان داغدۇغىلىق، ئۇزاققا سوزۇلغان كۈرەشلىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. تاماشىبىنلار مۇزېي كۆرگەزمىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ-دە، ئىنسانىيەت تارىخىي ئەمەلىيەتتە سىنىپىي كۈرەش تارىخىي ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋالىدۇ.

4. ئېلىمىزدە ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق تارىخىي ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ـ مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزئارا ئۆگىنىپ،

بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىغان. ئۆزئارا ياردەملىشىپ ۋە مەدەت بېرىپ، قويۇق دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان. مۇزېي كۆرگەزمىسىنى كۆرگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەر ۋە تاماشىبىنلار بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ ئالالايدۇ ھەم قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنىڭ بىر مەملىكەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

5. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىدە خەلق ئاممىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. لېكىن تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئالاھىدە تۈرتكىلىك رولىنىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ۋە ئىجابىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ روناق تېپىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشى يولىدا پارلاق، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

6. دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىگە خاس ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان. لېكىن سىرتنىڭ تەسىرىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر قەدىمدىن تارتىپلا ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەت دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشتە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇنىڭغا قەدىمكى يۇنان، مىسىر، رىم، ھىندىستان ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شۇنىڭدەك خرىستىئان دىنىي، مانى دىنىي، بۇددا دىنىي ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ ئېلىمىز جۇڭلىدىن شىنجاڭغا كەڭ تارقالغانلىقى تولۇق مىسال بولالايدۇ. (09)

## خوش خەۋەر

» فوجۇنكى» « 肤菌克 » بىمارلارنىڭ سىناق قىلىپ ئىشلىتىشىنى قوبۇل قىلىدۇ ئۈنۈمى بولمىسا پۇلى قايتۇرۇلىدۇ

.«فوجۇنكى» « 肤菌克 » ئىنسانلار تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان، ئەڭ ئۈنۈملۈك زامبۇرۇغ ۋە مىكروپ يوقىتىش دورىسى بولۇپ، ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ.

1.«فوجۇنكى» « 肤菌克 » قول، پۇت، بەدەن، باش قىسمىدا پەيدا بولىدىغان ھەر خىل زامبۇرۇغلارنى يوقىتىپ، كالا تەمرەتكىسىنى داۋالايدۇ. يالللۇغلانغان ئورۇننى تېز ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

2. زامبۇرۇغلۇق جىنسىي يولى يالللۇغى، باكتېرىيىلىك جىنسىي يولى يالللۇغى، سۆزنەكلىك جىنسىي يولى يالللۇغى، جىنسىي يولى قىچىشىش ۋە ئەرلەر سۈيدۈك يولى يالللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ.

3. سۆزنەك، سىفلىس (قارا يەل)، ئۈچلۈق ھۆل سۆگەل، غەيرى سۆزنەكلىك سۈيدۈك يولى يالللۇغى، قاپارتما قاتارلىق ئۆتكۈر تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللەردىكى تۈرلۈك باكتېرىيە ۋە مىكروبلارنى تېزلا يوقىتىدۇ.

4. مىكروب يوقىتىش، يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بولۇپ، كوماندىروپكا ياكى ساياھەتكە چىققاندا، مۇنچا ۋە مۇنچا لۆڭگىسىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئەپلىك.

زاۋۇتىمىزدىن ھاۋالە ئارقىلىق سېتىۋالغۇچىلارغا مەزكۇر بۆلۈمىمىز ئۆزلۈكچە پوچتا ئارقىلىق سېتىپ بېرىدۇ.

پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش باھاسى: 69.40 يۈەن، بىر بولاقنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مالنى ئەۋەتىمىز. ھەر قېتىمدا ئىككى قۇتىدىن (ئىككى بولاق) ئەۋەتىلىدۇ.

ئادرېس:

西安市雁塔路南段11号《名品消费》杂志邮购部 杜宏刚

پوچتا نومۇرى: 710054

تېلېفون نومۇرى: 5527875 (029)

## دورىنىڭ ئۈنۈمى

دوختۇر: ئەپەندىم، ئۆتكەندە مەن بەرگەن ئۇيقا دورىسىنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇبدان ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغانسىز؟

ئاغرىق: دورىڭىزنىڭ «ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.» مەن دەسلەپكى قېتىم سىز بەرگەن دورىنى ئىچىپ ئون نەچچە سائەت ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، نەتىجىدە ئۆيگە ئوغرى كىرىپ، ئۆيدىكى بارلىق مال - مۈلكىمنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

## ئەھۋالىڭ ياخشىكەن

- مەن ئىشتىن چۈشكەندە داۋاملىق كوچىدا تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولىمەن.
- نېمە ئۈچۈن؟
- چۈنكى ئايالىم ماڭا تاماق ئېتىپ

## كۆلكە دۇنياسى

بەرمەيدۇ.
- سېنىڭ ئەھۋالىڭ مېنىڭ ئەھۋالىمدىن ياخشىكەن.
- قانداقسىگە دەيسەن؟
- چۈنكى مەن ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە ئايالىمغا تاماق ئېتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىمەن.

## «خوجايىن بۇ گۆشنى يېيەلمەيدۇ»

تېز تاماقلىنىش ئاشخانىسىدا بىر خېرىدار كۈتكۈچىگە:
- بۇ كالا گۆشى بەك قاتتىق ئىكەن، چىشىم ئۆتمىدى، شۇڭا خوجايىنىڭىزنى چاقىرىۋەتكەن بولسىڭىز، — دەپتۇ. بۇ چاغدا كۈتكۈچى:
- كەچۈرۈڭ، خوجايىن بۇ گۆشنى ھەرگىز يېيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىر تالمۇ چىشى يوق.

## يېڭى ئىشچىنىڭ كەسپى

زاۋۇت باشلىقى سىخ مۇدىرىنى چاقىرىپ:
- كارىۋات زاۋۇتىدىن يۆتكەپ ئەكەلگەن ئىشچىمىز داۋاملىق خىزمەت ۋاقتىدا ئۇخلاپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇ قانداقمۇ شەھەر بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغاندۇ؟ ئۇ كارىۋات زاۋۇتىدا نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ.
- ئۇ كارىۋات زاۋۇتىنىڭ ئېلان بۆلۈمىدە ئۆزىنىڭ قاتتىق ئۇيقۇ خۇمارلىقىدىن پايدىلىنىپ، كارىۋاتتا مودېل بولۇپ ئۇخلاپ بېرىپتۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ كارىۋاتقا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپ زاۋۇتقا ناھايىتى كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بېرىپتۇ، — دەپتۇ سىخ مۇدىرى.

## كۆلكە دۇنياسى

## قىزىقىش

بىر ياشانغان باي كىشى چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىلدى. توي كېچىسى ئۇ ئاشىقىغا:
- تونۇشتۇرغۇچى سىزگە مېنىڭ ھەممە ئەھۋالىمنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەرگەندۇ - ھە؟ دېدى.
شۇنداق، ھەممىنى سۆزلەپ بەردى.
- سىز ئۇلارنىڭ قايسىسىغا بەكرەك قىزىقتىڭىز؟
- ھەممىدىن بەك سىزنىڭ پۇلىڭىز بىلەن «راك» كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىڭىزغا قىزىقتىم.

## ئالدامچىنىڭ ئىقرارى

سوتچى: دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا،

سىز ئاشنىڭىز بىلەن بىرلىشىپ، ئېرىڭىزنى ئالداپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇل ۋە مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلغاچقا ئېرىڭىز تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سىز بۇرۇن ئېرىڭىزنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى سەزمىگەنمۇ؟

ئەيىبكار: مەن ئېرىمنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى راستىنلا سەزمىگەن. ئەگەر سەزگەن بولسام ئۇنى سىتراخوۋانىيەگە قاتناشتۇرغان بولاتتىم.

## تويلۇق كىرىم

ـ ھامماچا، قىزلىرىڭىزغا شۇنچە ياخشى جايلاردىن لايىق كەلسە نېمە ئۈچۈن قىزلىرىڭىزنى «بېشى توشمىدى» دەپ ياتلىق قىلىشقا قوشۇلمايسىز؟

ـ ھازىر قىزلارنىڭ تويلۇقى كۈندىن ـ كۈنگە

## كۈلكە دۇنياسى

ئۆسۈۋاتىدۇ. شۇڭا قىزلىرىمنى يەنە بىر قانچە يىل ساقلىسام تېخىمۇ كۆپرەك تويلۇققا ئىگە بولۇمەنمىكىن دەيمەن.

## يەر شارىنىڭ ئايلىنىشى

ئوقۇتقۇچى: يەر شارىنىڭ ئايلىنىشى نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟

ئوقۇغۇچى: دادامنىڭ ئىچكەن ھارىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئوقۇتقۇچى: نېمە ئۈچۈن؟

ئوقۇغۇچى: چۈنكى دادام كۆپرەك ھاراق ئىچىۋالغان ۋاقىتلاردا «قارا بالام، يەر پىرقىراۋاتىدۇ» دەپ ماڭالماي قالىدۇ.

(مۇرات ناسىر يازغان)

## دۇكانغا ئوغرى چۈشكەندە

بىر دۇكانغا ئوغرى كىرىپتۇ. دوكاندار دېلو ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن ساقچىلارغا مۇنداق دەپتۇ:

ـ خۇداغا رەھمەت! ئوغرى دۇكانغا ئۆلۈشكۈن كەچتە كەلمىگەن ئوخشايدۇ.

ـ دۇكاندار، بۇ نېمە گەپ؟ ـ سوراپتۇ ساقچىلار ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي.

ـ چۈنكى مەن دۇكاندىكى ماللارنىڭ باھاسىنى تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا 40 % چۈشۈرگەن.

## شوپۇرنىڭ تەدبىرى

قاتناش ساقچىسى بىر شوپۇرنىڭ چوڭ كوچىدا بىر كىچىك ماشىنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، يېنىغا بېرىپ سورىدى:

## كۈلكە دۇنياسى

ـ شوپۇر ئەپەندى، نېمە ئىش بولدى، ماشىنىڭىزنىڭ مېيى تۈگەپ كەتتىمۇ قانداق؟

ـ ساقچى ئەپەندى، ئۇنداقمۇ ئەمەس، ـ دېدى شوپۇر، ـ مەن بۈگۈن شوپۇرلۇق كىنىشكامنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن شۇ.

## چۈمۈلىنى كۆرۈپ

ـ قارا، بالام، ـ دەپتۇ ئانىسى، ـ چۈمۈلە نېمىدېگەن ئەمگەكچان، ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە تىنىم تاپماي خىزمەت قىلىدىكەن. بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلمايدىكەن.

ـ ئۇ دېگىنىڭىز توغرا بولمىدى ئانا، ـ دەپتۇ بالىسى، ـ مەن تۈنۈگۈن شەھەر سىرتىدىكى ساياھەت رايونىدا ئۇلارنى كۆرۈپ قالدىم.

(08)

**قە** دىمدىن تارتىپ هازىرغىچە نۇرغۇن كىشىلەر يىلان چېقىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. كىشىلەر كۆزەينەكلىك يىلاننى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ.

بىراق ھىندىستاننىڭ ماخاراستىرا شتاتىدىكى ئاھالىلەر كۆزەينەكلىك يىلانغا چوقۇنىدىكەن، ئۇنى بەخت-سائادەتنىڭ سىموۋلى دەپ قاراپ، ھەر يىلى ئىيۇندا «كۆزەينەكلىك يىلان بايرىمى»نى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ كۈنى كىشىلەر يىلان سېلىنغان قاچىلارنى كۆتۈرۈپ، كوچىلارنى ئايلانغاندىن كېيىن، بۇتخانىغا بېرىپ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزىدىكەن. ئادەتتەھەر قانداق بىر ئادەم يىلاننى ئۇچراتسا، ھەر خىل نەرسىلەرنى ئەكىلىپ، يىلان ئۆتكەن يەرلەرگە قويۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن.

## كۆزەينەكلىك يىلانلار...

بۇ بىر خىل غەلىتە ئۆرپ-ئادەت بولۇپ، ئەمما تېخىمۇ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، كىشىلەر دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزگىلدە كۆزەينەكلىك يىلانلار بىرەر كىشىنىمۇ زەخىملەندۈرمەيدىكەن.(07)

## ئامېرىكىلىقلار نىكاھ...

**1** . ئائىلە مەسىلىسى. جۇڭگولۇقلار توي قىلىشقا پۈتۈشكەندە، چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە يۆلىنىشنىڭ بار-يوقلۇقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، ئائىلە مەسىلىنى تىلغا ئالمايدۇ. 2. تەربىيلىنىش دەرىجىسى. جۇڭگولۇقلار داۋاملىق ئوقۇش تارىخى، قىسقىچە تارىخى ۋە خىزمەت ئورنى قاتارلىقلارنى ئەكىتلەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار بۇلارنى تىلغا ئالماي، باراۋەر ئاساستا، يەنى:«مۇلازىمەتچى خادىم»ياكى «كەسپىي خادىم» لاردەك ئايرىلىشىپ ئۆتۈشنى خالايدۇ. 3. ئىقتىسادىي مەسىلىسى. ئامېرىكىدا «تۆمۈر تاۋاق» مەۋجۇت ئەمەس، ئامېرىكىلىقلار توي قىلىشنى پۈتۈشكەندە ئۆزىنىڭ كىرىمنى ئەكىتلىمەيدۇ. (07)

(گەنئۇەر قادىر . ت)

## ئاجايىپ ھانىرىي

**ئا** مېرىكىدا ھانرىي دېگەن ئىككى ياشلىق بالا ئاجايىپ بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىكەن، ئۇ كۈندۈزى ناھايىتى روھلۇق، سالامەت تۇرىدىكەن، ئەمما كەچتە ئۇخلاش بىلەن يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئالاھىدە بىر خىل نەپەس ئالدۇرۇش ئۈسكۈنىسىنى ئورنىتىپ نەپەس ئېلىشقا ياردەم بېرىش لازىمكەن.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەھۋال بالا ئۇخلىغان چاغدا ئوكسىگېن يېتىشمەستىن، بەدىنىدە زور مىقداردا كاربون كانگىرىت گازى يىغىلىپ، يۈرىكىنىڭ نورمال سوقۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقتىن سادىر بولىدىكەن. (07)

(مىرقەدەم مۇھەممەتيارۇف. ت)

## ئۆلۈم گىردابى...ئاغزىدا تەخسە...

**ئۆ** لۈم گىردابى. ياپونىيىدە ئوتتۇرا ياشلىق بىر بېلىقچى ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، قۇتقۇزۇۋېلىنغان چاغدا يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ قالغانىكەن، يۈرەك قىسمىنى ئۇۋۇلاش، ئوكۇل سېلىش، قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ توختاپ قالغىنىغا 35 مىنۇت بولغان يۈرىكى قايتىدىن ھەرىكەتكە كەلگەن.

**ئاغزىدا ياغاچ تەخسە** . چادتا بەزى ئاياللارنىڭ ئاغزىغا تەخسە ئورنىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ تەخسە ئۇلارنىڭ ئاغزىدا تۇغما ھالەتتە بولماستىن، بەلكى ئۆرپ-ئادەتلىك ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كالپۇكىنى كېسىپ ئورنىتىپ قويغانىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەخسە كالپۇك گۆشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىكەن. پەقەت جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئابرويغا ئىگە كىشىلەرلا بۇ خىل مەنسەپتىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. (07)

# ــ ۋاراتاغا توپ تېپىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا

★ ئابلىمىت ئابدۇراخمان ★

پۇتبول ھەرىكىتىدە ۋاراتاغا توپ تېپىش مۇسابىقىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، بارلىق تېخنىكا ۋە تاكتىكىلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ـ ۋاراتاغا توپ تېپىپ كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ۋاراتاغا توپ تېپىش ئىگىنى كۈچەيتىپ، ۋاراتاغا توپ تېپىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ بىر نەچچە يىللىق پۇتبول ئوقۇتۇش مەشقى ۋە پۇتبول مۇسابىقە مەشقى ئەمەلىيىتىمگە بىرلەشتۈرۈپ ۋاراتاغا توپ تېپىش تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقتىم.

**1 . 11 قەدەملىك توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق قىلغاندا، ۋاراتاغا توپ ئۇرغۇچىلار ئادەتتە ئۇدۇل يۈگۈرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ۋاراتا توپنىڭ يۆنىلىشىگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ. بۇنداق توپنىڭ بەلگىلىك يوشۇرۇنچانلىقى بولىدۇ. پۇتنىڭ ئىچ يېنى بىلەن تەپكەندە، شۇ پۇتنى ئالدىغا چىقىرىش ھەرىكەت سۈرئىتى تېز بولىدۇ. توپ تېپىش بولۇقى ئادەتتە ۋاراتانىڭ ئىككى يېنىنىڭ ئاستى ياكى ئۈستى تەرىپى بولىدۇ. مۇسابىقىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 11 قەدەملىك توپ تېپىش مەشقىنى مەشقنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرسا ياخشىراق بولىدۇ.

**2. جازا توپ رايونىدا ئىختىيارىي توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، ئىختىيارىي توپ تەپكۈچى چەكلەنگەن رايوننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، مۇداپىئەلەنگۈچىلەر توققۇز مېتىر نېرىسىدا تۇرۇپ توساق شەكىللەندۈرىدۇ. توپ تەپكۈچى ئەمەلىي مۇسابىقە تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ مەشق قىلدۇرۇلىدۇ. توپنى تەپكەندە پۇتنىڭ ئىچ يېنى ياكى تاش يېنى بىلەن يايسىمان توپ تېپىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىۋاستە ۋاراتاغا تەپسە ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، توپ تەپكۈچى پۇتنىڭ ئىچ يېنى بىلەن توپنى قارشى تەرەپنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز ئادىمىنىڭ قىسىلىپ كىرىپ ۋاراتاغا تېپىشكە پاس بېرىش مەشق قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى مەشق ئاساسىدا ئىختىيارىي توپ تېپىشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. مەيلى قايسى ئۇسۇل قوللىنىلمىسۇن، ماھىرلار ئۆز ئارا ئالدىن كېلىشىۋېلىشى، ھەرىكىتى بىردەك بولۇشى كېرەك.

**3 . يان تەرەپتىن دومىلاپ كەلگەن توپنى ۋاراتاغا تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، پاس بەرگۈچى دەسلەپتە جازا توپ رايونىنىڭ بىر تەرىپىدە



تۇرىدۇ، ھۇجۇم قىلغۇچى جازا توپ رايونىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، ھۇجۇم قىلغۇچى ۋاراتاغا ئۇدۇل يۈگۈرىدۇ، پاس بەرگۈچى جازا توپ رايونىنىڭ يان تەرىپىدىن دومىلىما پاس بېرىدۇ. توغرىسىغا پاس بېرىش ئاساس قىلىنىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى پاس بېرىلگەن توپنى ئالغاندىن كېيىن، ۋاراتاغا ئۇدۇل تېپىدۇ. يۈگۈرگەندە پۇتنىڭ يۈزى بىلەن توپنى تېپىش ئۇسۇلىنى قوللانسا ياخشىراق بولىدۇ.

**4. قاڭقىغان توپنى ۋاراتاغا ئۇدۇل تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، ھۇجۇم قىلغۇچى جازا توپ رايونىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ، پاس بەرگۈچى ۋاراتانىڭ يېنىدا تۇرۇپ پاس بېرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، پاس بەرگۈچى پۇتنىڭ ئىچ يېنى بىلەن توپنى سەل كۆتۈرۈپ ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تېپىپ بېرىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى يۈگۈرۈش جەريانىدا توپنىڭ چۈشۈش نۇقتىسىنى توغرا ئىگىلەپ پاسنى ئالىدۇ. پاس بەرگۈچى توپنى تەپكەندە، تېپىش نۇقتىسى تۆۋەن بولۇشى، توپنىڭ ئاستىنقى يېرىمىغا تېپىشى لازىم. پۇتنىڭ يۈزى توپقا تەگكەن ئەسنادا، تېپىش ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ ئالدى تەرەپكە قاراپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە پىرقىرايدىغان ۋە پىرقىرىما يايسىمان ھالەتتە توپنى ۋاراتاغا كىرىدىغان قىلىش لازىم. ھۇجۇمچىلارنىڭ قاڭقىغان توپنى تېپىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە پىششىق ئىگىلىۋېلىشى ئۈچۈن، پاس بەرگۈچىلەر پاس بېرىش سۈرئىتىنى مۇۋاپىق تەڭشىسە بولىدۇ.

**5. قورشاپ كىرىپ ۋاراتاغا توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، پاس بەرگۈچى جازا توپ رايونىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ، ھۇجۇم قىلغۇچى چەك سىزىقىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، پاس بەرگۈچى ئارقا سىزىقتىن ئوتتۇرىغا پاس چىقىرىدۇ، پاسنى ئېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، توپ دومىلىتىپ ياكى تۈز سىزىق بويىچە پەس تېپىلىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى توپنى ئېلىپ، يان سىزىقتىن قورشاپ كىرىپ ۋاراتاغا تېپىدۇ. پاس بەرگەن چاغدا، توپ پۇتنىڭ ئىچ يېنى بىلەن ياكى ئۇشۇق تەرەپ بىلەن ئوتتۇرا ئېگىزلىكتە تېپىلىدۇ، ھۇجۇم قىلغۇچى تۆۋەن بوشلۇقتىكى توپنى پۇتنىڭ يۈزى بىلەن بوشلۇقتىن ۋاراتاغا تېپىدۇ.

**6. توپنى ۋاراتاغا باش بىلەن كىرگۈزۈشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، ھۇجۇم قىلغۇچى جازا توپ رايونىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. پاس بەرگۈچى جازا توپ ئېشىكىدىكى ئارقا سىزىق ئەتراپىدا تۇرۇپ قورشاپ كىرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، پاس بەرگۈچى توپنى پۇتنىڭ ئىچ يېنى بىلەن باشتىن ئارتىلدۇرۇپ تېپىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئوتتۇرىغا پاس چىقىرىدۇ، ھۇجۇم قىلغۇچى قورشاپ كىرىپ توپنىڭ چۈشۈش نۇقتىسىنى توغرا ئىگىلەپ، سەكرەپ چىقىپ توپ تالىشىپ توپنى ۋاراتاغا ئۇسىدۇ. تىركىشىپ تۇرۇپ ئورۇن تالىشىش ئارقىلىق ۋاراتاغا توپ ئۇسۇپ كىرگۈزۈش مەشقى كۈچەيتىلسە بولىدۇ. مەشق ئېلىپ بارغاندا، قورشاپ كىرىش سۈرئىتى تېز بولۇشى، قىستاپ كىرىش ئېڭى كۈچلۈك بولۇشى لازىم.

**7. ئىككىلەن بىر ئادەمنى ئالداپ ئۆتۈپ ۋاراتاغا توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، ماھىرلار ئۈچ ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ جازا توپ رايونىنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، ئىككى ھۇجۇمچى بىلەن مۇداپىئەدە تۇرغۇچى ماھىر بىر مېتىرچە ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۈچ بولۇڭ ھالىتىدە روبىرو تۇرىدۇ. دەسلەپتە ھۇجۇم قىلغۇچىلار پاس بېرىشىپ، ئۇلاردىن بىرسى مۇداپىئەدە تۇرغۇچىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا تۇيۇقسىز پاس بېرىدۇ، يەنە بىرسى مۇداپىئەدە تۇرغۇچىنىڭ كەينى تەرىپىگە تېزدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، توپنى ئېلىپ ۋاراتاغا تېپىدۇ.

**8. بىرگە بىر بۆسۈپ كىرىپ ۋاراتاغا تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، مۇداپىئە قىلغۇچى توپنى ئېلىپ مېڭىپ يالغان ھەرىكەت ئارقىلىق مۇداپىئە قىلغۇچىنىڭ مۇداپىئەسىدىن ئۆتۈپ، توپنى تۇيۇقسىز ۋاراتاغا تېپىدۇ. مەشق ئېلىپ بارغاندا،

ماھىرلاردىن ئەستايىدىل بولۇش ۋە جاپاغا چىداش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل مەشقتە جىسمانىي كۈچ كۆپرەك سەرپ بولىسمۇ، لېكىن ئەمەلىي مۇسابىقىدە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**9. ئۇزۇن پاسنى ئېلىپ، توپ ئېلىپ مېڭىپ، بۇرۇلۇپ، ۋاراتاغا توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، پاس بەرگۈچى مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، ھۇجۇم قىلغۇچى جازا توپ مەيدانى بولۇڭىنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، پاس بەرگۈچى ئوتتۇرا مەيداندا تۇرۇپ جازا توپ مەيدانىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان ھۇجۇم قىلغۇچىغا كۈچلۈك پاس بېرىدۇ، ھۇجۇم قىلغۇچى يۈگۈرۈش جەريانىدا بېرىلگەن پاسنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ، جازا توپ رايونى يايمىسى بويىچە توپنى ئېلىپ مېڭىپ توپۇقسىز بۇرۇلۇپ ۋاراتاغا تېپىدۇ.

**10. ئۇزۇن پاس ئارقىلىق ماسلىشىپ، ھۇجۇم قىلىپ ۋاراتاغا توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، ماھىرلار ئوتتۇرا مەيداندا ئۈچكە بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىدا تۇرغان ماھىرلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 مېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. مەشق باشلانغاندا، ئوتتۇرىدا تۇرغان ماھىر سول تەرەپتە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ماھىرغا ئۇزۇن پاس بېرىدۇ، بۇ ماھىر بېرىلگەن توپنى ئالغاندىن كېيىن، يېتىشىپ كەلگەن ئوتتۇرىدىكى ماھىرغا توغرىسىغا پاس بېرىدۇ، ئوتتۇرىدىكى ماھىر پۇتىنىڭ ئىچ يېنى بىلەن توپنى ۋاراتاغا بىۋاستە تېپىدۇ.

**11. ئىككىلەن يۈگۈرۈش جەريانىدا پاس بېرىشىپ ۋاراتاغا توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، ماھىرلار بۆلۈنۈپ ئوتتۇرا مەيدان سىزىقىنىڭ ئەتراپىدا ئون مېترچە ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، ئىككى ماھىر بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوتتۇرا مەيدان سىزىقىدىن باشلاپ چەكلەنگەن رايونغا قاراپ پاس بېرىشىپ يۈگۈرىدۇ، بىرمىلەن يەنە بىر ماھىرغا توغرىسىغا پاس بېرىدۇ. توپنى ئالغان ماھىر ۋاقتىدا پاسنى قايتۇرۇپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ جازا توپ رايونىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ ـ دە، بېرىلگەن پاسنى ئېلىپ ۋاراتاغا دەل ۋاقتىدا تېپىدۇ. بۇ مەشقتە، پاسنى دومىلىتىپ بېرىشكە، ۋاراتاغا توپنى پۇتىنىڭ ئىچ يېنى بىلەن تېپىشكە كۆپرەك ئېتىبار بېرىلىدۇ.

**12. ھۇجۇمنى يان سىزىقتىن باشلاپ ماسلىشىپ تۇرۇپ ۋاراتاغا توپ تېپىشنى مەشق قىلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە مەشق ئېلىپ بارغاندا، ماھىرلار ئوتتۇرا مەيدان سىزىقىنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، سول بېك ھۇجۇمغا ياردەملىشىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى جازا توپ رايونىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. سول تەرەپتىكى ماھىر يان سىزىققا يېقىن تۇرىدۇ. مەشق باشلانغاندا، سول خاق بېك ئوتتۇرا مەيدان سىزىقىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ سول تەرەپتىكى ماھىرغا پاس بېرىدۇ، بۇ ماھىر توسالغۇغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، خاق بېككە قايتۇرۇپ بېرىپ، تېزدىن يان سىزىقنى بويلاپ يۈگۈرىدۇ. خاق بېك بۇلۇڭ توپ يۆنىلىشى بويىچە پاس بېرىدۇ، سول تەرەپتىكى ماھىر توپنى ئېلىپ ۋاراتا رايونى ئەتراپىغا توغرىسىغا ئۆرلىتىپ پاس بېرىدۇ. بۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئەسىدىن قۇتۇلغان ئىچكىراي قىسىلىپ كىرىپ پاسنى ئالىدۇ ـ دە، ۋاراتاغا تېپىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ۋاراتاغا توپ تېپىشنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇللىرىنى يېتەكچى قىلىپ ماھىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان ئاساستا ئەستايىدىل ھەم جاپالىق مەشق قىلىش لازىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت ۋاراتاغا توپ تېپىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، توپ تېپىش ئېگىنى كۈچەيتىپ، چوڭ مۇسابىقىلەردىكى قولغا كەلتۈرۈش قىيىن بولغان ۋاراتاغا توپ تېپىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ نومۇر ئېلىش ۋە مۇسابىقىلەردە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

(06)

# بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىكى پسىخىكىلىق ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى

بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدە فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى ناھايىتى روشەن بولىدۇ. مەسىلەن، بوي ئېگىزلىكى، بەدەن ئېغىرلىقى ۋە يېشى بىردەك بولۇش؛ يۈرەك، قان بېسىمى نورمال بولۇش؛ ئاڭلاش - كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى بولۇش قاتارلىقلار. ياش - ئۆسمۈرلەر پسىخىكىسىنىڭ ساغلام بولۇش - بولماسلىقىنى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل ئۆلچەمگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولۇش.** ئوخشاش ياشتىكىلەرنىڭ پسىخىكىسى ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما مۇئەييەن چەكتە پەرقلىنىدۇ. كۆز قاراش، تىل، يۈرۈش-تۇرۇش، ياخشى كۆرۈش ۋە كېيىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە «ئادەتتىن تاشقىرى بولۇش»قا زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، كىشىلەرگە «چۈشەنمەسلىك» تۇيغۇسى بېرىپ قويماسلىق كېرەك. چۈنكى، پەرق چوڭ ئايغانسېرى ساغلام بولمىغان پسىخىك ھالەتنىڭ دەرىجىسىمۇ شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ.

**ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە ماھىر بولۇش.** ھەر بىر ئادەم جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ئەزاسى. ئۇ ئاممىدىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەر كىشىلەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتكە ماھىر بولۇشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىش، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش روھى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئۆزىنى ئاممىنىڭ سىرتىغا قويۇپ دائىم تەنھا يۈرۈيدىغان، غەلىتە مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتى ساغلام بولمىغان پسىخىك ھالەتنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**رېئاللىق ئالدىدا جاسارەتلىك بولۇش.** پسىخىكىسى ساغلام كىشىلەر رېئاللىق ئالدىدىكى مۇھىتنى ھەقىقىي تونۇپ پۇرسەت يارىتالايدۇ ۋە پەيتنى كەتكۈزۈپ قويمايدۇ. مۇھىتقا باش ئېگىپ، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ياكى رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھالدا قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل پسىخىك ھالەت قانچە گەۋدىلەنگەنسېرى روھىي ھالىتىدىكى خەۋپسىرەشمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ، ھەتتا كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئىنكاس مۇۋاپىق بولۇش.** كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ سۈرئىتى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، تېز ئىنكاس قايتۇرغۇچىلار چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى، ئىنكاس قايتۇرۇشى ئاستا بولغانلار سۆرەلمىلىك قىلماسلىقى كېرەك. بىرەر مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلگەندە پەسەنت قىلماسلىق ياكى كۆڭۈل بويىچە قايغۇرۇپ يۈرۈش، ئۇيقۇسى ۋە تاماقى ياخشى بولماسلىق، كۆڭلى بىئارام بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى پسىخىكىسى ساغلام بولماسلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**تەپەككۇرى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولۇش.** پسىخىكىسى ساغلام كىشىلەر سۆزلەش ۋە ئىش بېجىرىشتە پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەرتىپلىك ھەم رەتلىك قىلىدۇ. تاغدىن - باغدىن سۆزلەش، ھەممىشە نەتىجىسى چىقمايدىغان، ھەتتا باش-ئاخىرى بىر - بىرىگە زىت بولغان، تەرتىپسىز ئىشلارنى ئويلاپ، ئۇ ئىشنىڭ سالمىقىنى پەرق ئېتەلمەسلىكمۇ پسىخىكىلىق ساغلاملىقنىڭ تولىمۇ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**گەپ - سۆزدە تەربىيە كۆرگەن بولۇش.** تىل ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۆز لايىقىدا قىلىنغان ئەدەبلىك، سىپايە سۆزلەر پسىخىكىلىق ساغلاملىقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىلىكى. ئەگەر بىر ئادەم ھەممىشە كىشىلەرگە گەپ ياندۇرۇپ جېدەل تېرىسا، تولا سۆزلەپ مۇنازىرىنى كېڭەيتىۋەتسە ياكى سۆزلىرى چۈشىنىكسىز بولسا، بۇ كۆپىنچە پسىخىكىسىنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. (04)

(مۇھەممەتئىمىن . ت)

# كۆزگى بۇغدايدىكى ئاساسلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش

بۇغدايدىكى كېسەللىكلەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مەلۇم بولغىنى دۇنيا بويىچە 200 خىلدىن ئاشىدۇ. مەملىكىتىمىزدە 100 خىلدىن، شىنجاڭدا 50 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇغدايدىكى كېسەللىكلەر پارازىت كېسەللىكلەر ۋە فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىكلەر دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. شىنجاڭدا بۇغدايدىكى ئاساسلىق پارازىت كېسەللىكلەردىن قارا كۈيە كېسىلى، دات كېسىلى، ئاق تۇزان كېسىلى، دان يەپ قۇرت كېسىلى، يۇتۇن چىرىش كېسىلى، قاسىراق قارىداش كېسىلى، قىراۋسمان كېسىلى، قاردا پاختىلىشىش كېسىلى ۋە ۋىرۇس كېسىلى قاتارلىق ئون خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇلار 20 تۈردىن ئارتۇق كونكرېت كېسەللىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىكلەر شورزېمىنى، شامال زېمىنى، ئۈششۈك زېمىنى، قۇرغاقچىلىق زېمىنى، قار زېمىنى، قىراۋ زېمىنى، مۆلدۈر زېمىنى، ئوغۇت زېمىنى، دورا زېمىنى، ئازوت يېتىشمەسلىك، فوسفور يېتىشمەسلىك، كالىي يېتىشمەسلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاساسلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرىنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

**1) قارا كۈيە كېسەللىكى**

بۇغدايدا بولىدىغان قارا كۈيە كېسەللىكى ئادەتتە ئالتە خىل بولۇپ، شىنجاڭدا تۆت خىلى ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولىدۇ. توزىغاق قارا كۈيە كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى كەڭرەك بولسىمۇ، لېكىن زىيىنى ئېغىر ئەمەس. سىلىق سېسىق قارا كۈيە كېسەللىكى كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولغان يىللاردا كېسەللىنىش نىسبىتى 70 - 80 پىرسەنتكە يېتىدۇ، لېكىن ئاساسلىقى سىلىق سېسىق قارا كۈيە كېسەللىكى بولۇپ 70 پىرسەنتنى، تورسىمان سېسىق قارا كۈيە كېسەللىكى 30 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش تەدبىرلىرى





تۆۋەندىكىچە:

**(1) كارانتىن خىزمىتىنى كۈچەيتىش:** قارا كۈيە كېسىلى مىكروبى ـ ئۇرۇقتىن يۇقۇش شەكلى ئارقىلىق يىراققا تارقىلىدۇ. شۇڭا ئۇرۇقنى كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم.

**(2) كېسەللىكلەرنىڭ تۇپراق ئارقىلىق يۇقۇشىنى ئازايتىش:** قارا كۈيە كېسىلى ئادەتتە ئوغۇت ئارقىلىق يۇقىدۇ، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىشتا پاكىز ئوغۇت ياكى تولۇق چىرىگەن ئوغۇتنى ئىشلىتىش لازىم. ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى يولغا قويۇش ـ كېسەللىك مىكروبىنىڭ تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ تېجەشلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. سۇلۇق زىرائەت بىلەن قۇرغاق زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىشنى يولغا قويۇپ، ئالماشتۇرۇپ تېرىش دەۋرىنى تېخىمۇ قىسقارتسا، كېسەللىك مىكروبىنىڭ تۇپراق ئارقىلىق يۇقۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**(3) كېسەللىكنىڭ ئۇرۇق ئارقىلىق يۇقۇشىنى قەتئىي توسۇش:** قارا كۈيە كېسەللىكنىڭ مىكروبى ئۇرۇق ئارقىلىق يۇقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتا ساق ئۇرۇقلۇقنى تاللاپ تېرىش لازىم. ئەگەر ئۇرۇقتا كېسەللىك مىكروبى بولسا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەسىلەن، ئۇرۇقنى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.3 پىرسەنتىگە تەڭ كېلىدىغان %25 لىك ترىئادىمېفون(فىنشيۇنىڭ) ياكى %40 لىك كۇئىنتورىن (ۋۇلۇگشياۋجىبىن) بىلەن دورىلاش لازىم. ياكى «تېمپېراتۇرىنى ئۆزگەرتىپ ئۇرۇقنى چىلاش» يەنى ئاۋال ئۇرۇقنى سوغۇق سۇغا (كۈزدە) ئالتە سائەت، (ئەتىيازدا) سەككىز سائەت چىلاش، ئاندىن °C 54 ئىللىمان سۇغا بەش مىنۇت چىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**(4) كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم.**

**2) دات كېسىلى**

بۇغداينىڭ دات كېسىلى ئۈچ خىل، يەنى يوللۇق دات كېسىلى (سېرىق دات كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يوپۇرماق دات كېسىلى (قوڭۇر دات كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە غول دات كېسىلى (قارا دات كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، ئەڭ كەڭ تارقالغان، زىيىنىمۇ ئەڭ چوڭ دۇنياۋى مۇھىم كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ، مەملىكىتىمىزدە ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

**(1) كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش:** مەسىلەن، «شىنجاڭ كۈزگىسى ـ 15»، «شىنجاڭ كۈزگىسى ـ 16»، «شىنجاڭ كۈزگىسى- 17»، «خېبېي بۇغدىيى 5418 ـ 84»، «خېبېي بۇغدىيى ـ 26»، «خېبېي بۇغدىيى ـ 31»گە ئوخشاش.

**(2) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش:** ئۇرۇقنى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.3 پىرسەنتىگە تەڭ ترىئادىمېفىن، ترادىئادىمېنول قاتارلىق ئۈنۈمى يۇقىرى، ئىچىگە سۈمۈرۈلۈپ مىكروب ئۆلتۈرىدىغان دورىغا چىلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دورىلاش ئارقىلىق كۈزلۈك مايسىدا كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۈنۈملۈك چەكلىگىلى، شۇنداقلا قىشلايدىغان مىكروب مەنبەسىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ. كېيىنكى يىلى بۇغداي ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە كېسەللىك پەيدا بولۇپ قالسا، كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا (پەيدا بولۇش نىسبىتى %2 ئەتراپىدا بولغاندا) ترىئادىمېفىن قاتارلىق سۇيۇق دورىلارنى (ھەر مو يەرگە 40 ـ 60 گرام) پۈركىگەندە، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

**3) ئاق توزان كېسىلى**

بۇغدايدىكى ئاق توزان كېسىلى (توزانلىق كۆكىرىش كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھاۋا ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، دۇنيادىكى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دائىم كۆرۈلىدۇ.

ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كېسەللىككە چىدامىلىق سورتلار تاللاپ تېرىلىدۇ.

(2) دورا ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە يوقىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇرۇقنى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.3 پىرسەنتىگە تەڭ تىرىئادىمېفىن، ترىئادىمېنول قاتارلىق ئىچىگە سۈمۈرۈلۈش ئارقىلىق مىكروب يوقىتىدىغان دورا بىلەن دورىلىغاندا، بۇغداينىڭ ئالدىنقى مەزگىلدە زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ خىل دورا زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۆسۈشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە يەنە بىر قېتىم پۈركۈلسە، كېسەللىكنى داۋاملىق كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

(3) مىكروبنى مىكروب ئارقىلىق يوقىتىش: ئاق توزان كېسىلىنىڭ پارازىت زامبۇرۇغى ئۇرۇقداشتىكى زامبىروغلار ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. ئورگان سىپورىسى سۈيۇقلۇقنى پۈركۈش ئارقىلىق ئالدىنى ئالغاندا ۋە يوقاتقاندا، ئەمەلىي ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. بۇغدايدىكى ئاق توزان كېسەللىكنى يوقىتىشتا ئۈنۈمى 81.5% كە يېتىدۇ.

(4) ئۆستۈرۈش – پەرۋىش قىلىشنى ياخشىلاش: بۇغداي ئومۇمىي تۈپ قويۇلمىسىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ھاۋانىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى ۋەكۈن نۇرىنىڭ چۈشىشىگە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن قۇر ئارىلىقىنى مۇۋاپىق كەڭ قالدۇرۇش، يوپۇرمىقىنىڭ بەك چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇش، نەملىكنى ساقلاش ئاساسىدا، كۈزگى بۇغداينىڭ بىرىنچى سۈيىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلسا مەلۇم دەرىجىدە ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**4) دان يېپ قۇرت كېسىلى**

بۇغدايدا بولىدىغان دان يېپ قۇرت كېسىلى قارا دان، قوش دېنى، قاتتىق دان ۋە كۆل رەڭ دان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا داۋاملىق پەيدا بولىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا پەيدا بولۇشى ئېغىرراق بولىدۇ. ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) قاتتىق كارانتىن قىلىش: كېسەللىك پەيدا بولغان رايونلاردىن ئۇرۇق يۆتكىمەسلىك، كېسەللىك تارقالمىغان رايونلارغا كېسەللىك تارقالغان رايونلاردىن ئۇرۇق يۆتكىمەسلىك كېرەك.

(2) ئۇرۇقنى تازىلاپ تاللاش: ئۇرۇقنى سۈزۈك سۇغا چىلاپ تاللاش، ئۇرۇقنى ئۇرۇق ئېغىرلىقىدىن ئىككى ئۈچ ھەسسە كۆپ سۈزۈك سۇغا چىلاپ، تاياق بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرغاندا كېسەل دانلار لەيلەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى سۈزۈۋېلىش لازىم. بىر قېتىملىق لەيلىتىپ تاللاش 10 - 15 مىنۇتتا تاماملىنىدۇ. قۇرت ئۆسىمسىنىڭ سۇنى سۈمۈرۈۋېلىپ چۆكۈۋېلىشىغا يول قويماسلىق لازىم.

ئۇرۇقنى لاي سۇغا چىلاپ تاللاش 30% لىك لاي ئېتىپ، سۇنى لېيتىپ كېسەل داننى لەيلىتىپ ئىلغۇۋەتكەندىن كېيىن سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ، سالقىندا قۇرۇتۇپ تېرىسا بولىدۇ.

ئۇرۇقنى تۇز سۈيىدە تاللاش: كېسەل داننى 20% لىك تۇز سۈيىدە لەيلىتىپ تاللاش لازىم. تۇز سۈيىدە تاللىۋالغان ياخشى ئۇرۇقنى سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ، سالقىندا قۇرۇتۇپ تېرىسا بولىدۇ.

(3) ئۇرۇقنى دورىلاش: ئۇرۇقنى 0.2% لىك ئاق سېگكا بىلەن دورىلىغاندا، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ ھەمدە ئۇرۇق ئارقىلىق يۇققان قارا توزان كېسەللىكى بىلەن يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلىرىنىمۇ يوقاتقىلى بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇقنى بىر تەرەپتىن دورىلاپ، يەنى بىر تەرەپتىن تېرىپ دورا زىيىنى كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش لازىم. (05)

(«كۈزگى بۇغداي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» قوللانمىسىدىن ئېلىندى)

# ئوقۇتقۇچىدا نېمە گۇناھ

★ سۇلتان مامۇت ★

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 96 - يىلى 8 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقىنىمدا «ئوقۇتقۇچى سىزگە نېمە قىلدى» دېگەن ماۋزۇ ھەممىدىن بۇرۇن دىققىتىمنى تارتتى - دە، دەرھال بۇ ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ماقالىنىڭ مېنى ھەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلىشى ئەلۋەتتە نورمال ئەھۋال.

«ئوقۇتقۇچى سىزگە نېمە قىلدى» دېگەن ماقالىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ناتوغرا قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەنىگە قارىتىپ دەۋاتقان چاكىنا گەپ - سۆزلىرى پاش قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل ھادىسە ھەرقايسى جايلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلارغا توغرا قاراشتا بولمايۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىنى «بىلەرمەن» ھېسابلايدىغان، ئەمەلىيەتتە قارا قورساق، سۇيىقەستچى، ئىچى تار، خاراكتېرى ئاجىز، نوقۇل ماددىي ئادەملەر بولۇپ بۇنداقلارنى ھەر ساھە، ھەر خىل تەبىقە، ھەر دەرىجىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن تېپىشقا بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچى سىزگە نېمە قىلدى؟ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنى ھاقارەتلەش، كەمسىتىش، چۆكۈرۈش كېرەكمۇ؟ مانا بۇ سوئاللارغا ھەممە كىشىنىڭ بولۇپمۇ ھېلىقىدەك «بىلەرمەن»لەرنىڭ ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ بېقىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ سوئاللارغا ئاددىيلا جاۋاب بەرگەندە، ئوقۇتقۇچى سىزنى، قېرىنداشلىرىڭىزنى، قولۇم-قوشنىلىرىڭىزنى ئوقۇتتى. يەنە بالىڭىزنى، نەۋرە - چەۋرىلىرىڭىزنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ ۋە ئوقۇتىدۇ. ئۇچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچى سىزگە ئوخشاش كىشىلەرنى بىلىم ئىگىلىسۇن، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى بىلەن تونۇشسۇن، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ، ھاياتلىقتا نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسۇن، شۇ ئاساستا ئادەمدەك ياشاشنى بىلىۋالسۇن، تېخىمۇ ياخشىراق ۋە مەنىلىكرەك تۇرمۇش كەچۈرسۇن، دەپ ئويلايدۇ. سىز ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبىدىكى ئاشۇ خىل ئالىي پەزىلەت، دىيانەتنى چۈشىنەمسىز؟...

ئەسلەپ كۆرسەك، «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى»نى ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمىزغا 12 يىل بوپتۇ. بۇ بايرامنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان چوڭ - كىچىك يىغىنلاردىكى تەبرىك سۆزلىرىدە «ئوقۇتقۇچىلار ئۇن قەدەم نېرىدىن سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر»، «ئوقۇتقۇچىلار ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى»، «ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى شەرەپلىك» دېگەندەك ئۇقۇملاشقان جۈملىلەر تەكرارلىنىپ كەلدى. يەنە كېلىپ بۇ گەپلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزىگە دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايرام مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن نۇتۇقلارنى سۆزلەيدىغانلار ئىچىدىكى بەزىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى مەكتەپلەردىن باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىۋالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى ئورۇنلاردا «ئەيىبى بار» دەپ قارالغان ئادەملەرنى ئىدارىلەردىن مەكتەپلەرگە «سۈرگۈن» قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەيدىغان غەلىتە ئىشلارمۇ يۈز بەردى. بۇلارنى ئاز دېگەندەك ھازىر جەمئىيەتتە ئەۋج ئېلىۋاتقان پۇلغا چوقۇنۇش ۋە ھوقۇققا ئىنتىلىش خاھىشى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەقىدىسىنى تەۋرىتىپ

قويدى. نەتىجىدە، بىر قىسىم كىشىلەر خۇددى سولچىل لۇشيەن دەۋرىدىكى ۋەزنى يوغان «شاكال ئاكتىپ»لاردەك ئوتتۇرىغا لەيلەپ چىقىپ، ئۆزىچە ئوقۇتقۇچىلارنى كەمسىتىدىغان، ئۆزىدە يوق نۇرغۇن ياخشى پەزىلەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلاردا بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماي، ئۇلارنى قالتىس چوڭ چاغلايدىغان دەرىجىگە يېرىپ يەتتى. مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن بەزى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى پەس كۆرۈدىغان روھىي ھالەت شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن، بەزى جايلاردا مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرىپ كېلىشكە بارغان ئوقۇتقۇچىلارنى ھاقارەتلەيدىغان، ئۇرىدىغان ھەتتا ئىتلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئۇلارنى تالىتىپ ھەيدىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ سادىر بولدى. مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن بىزار بولىدىغان، بەزى «ئېپى بار» ئوقۇتقۇچىلار تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ باشقا ساھەلەرگە يۆتكىلىۋالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى.

مانا بۇلار بەزى «ئون قەدەم نېرىدىن سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر»نىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىۋېلىشقا تېگىشلىك ئۇچۇردۇر.

ئوقۇتقۇچىلار چوڭ قوشۇن بولغاچقا ھەممە ئۇلارمۇ كونكرېت ئادەملەردىن تەركىب تاپقاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلمايدىغان، بەزى سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە يامان تەسىر بېرىدىغان ئادەملەرمۇ بار. شۇنداقلا مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ بىر رېئاللىق. مۇشۇنداق ئايرىم ئەھۋاللارغا ئىسىلىۋېلىپ پۈتكۈل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قارىتىلغان كەمسىتىش، چۆكۈرۈش خاراكتېرىدىكى گەپ-سۆزلەر ئوقۇتقۇچىلارغا قىلىنىۋاتقان نامۇۋاپىق مۇئامىلىلەر بەكمۇ نومۇسسىز قىلمىشتۇر.

ئەقلىمىز بىلەن ئويلاپ باقىدىغان بولساق، ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي گۈزەل، ئالىجاناب ئىنسانىي پەزىلىتى! كۆپ تەرەپتىكى ئامىللار ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىقلىرىنىڭ بىرى ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچى كىشىلەرگە ئىقتىسادىي ۋە ئەمەل- مەنسەپ جەھەتتە بىۋاستە نەپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىنسان بالىسىنىڭ قەلبىنى ئەقىل ۋە بىلىم مەشئىلى بىلەن يورۇتقۇچى، ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، ئەڭ كۆيۈمچان تەربىيىچىسى ۋە ئۇستازى. شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتتە بىۋاستە نەپ بېرەلەيدىغان-بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، بەزىلەرگە قۇللارچە خۇشامەت قىلىدىغان، ئەكسىچە ئوقۇتقۇچىلارنى ياغاچ قوزۇقتەك گىدىيىۋېلىپ كەمسىتىدىغان كىشىلەر ماھىيەتتە مەدەنىيەتسىز، چاكىنا، ئىچى تار، قارا تۈرك كىشىلەردۇر.

بىلىش كېرەككى، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش مەسىلىسى ماھىيەتتە جەمئىيەتكە ۋە ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى بولمىغان جەمئىيەتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئوقۇتقۇچىلار ھۆرمەتلەنمەيدىغان جەمئىيەتنىڭمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى، ھەقىقىي مەنىۋى گۈزەللىكىنى ۋە ساغلام ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەۋلادلارغا بېرىدىغان مەڭگۈلۈك تەسىرى، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ رولى ھەممىمىز ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە (06)

# بىر سائەتلىك دەرستە «قوزغىتىش ئۇسۇلى» چېكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك

★ ئابدۇرېھىم ھەسەن ★

قوزغىتىش ئۇسۇلى ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسىي بىلىم بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مېتودىك ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۆلۈك ھالدا بۇنداق ئۇسۇلغا يېپىشىۋېلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، يېتەرلىك ئىجابىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بېقىشىمىز زۆرۈر. مەن بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر سائەتلىك دەرستە ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئاساسىي بىلىمنى بالدۇرلا سۆزلىۋېتىپ، ۋاقىتنى ئاشۇرۇپ قويۇشتەك ئاجىزلىقلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوزغىتىش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىلمىي ئۇسۇلغا قارىغۇلارچە يېپىشىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭچە، نورمال بولغان قوزغىتىش ئۇسۇلىنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك:

بىرىنچى، مۇناسىۋەتلىك باسقۇچلار قاتارىدىن قوزغىتىش ئۇسۇلىغا بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ، شۇ ۋاقىتتا يېتەرلىك بولغان قوزغىتىش سوئاللىرىنى ئويلاش لازىم.

ئىككىنچى، ھەممە مەزمۇنلارغا قوزغىتىش ئۇسۇلىنى قارىغۇلارچە سۆرەپ كىرمەسلىك لازىم. مەشىق ۋە مۇلاھىزە خاراكتېرىنى ئالغان مەزمۇنلارغا، نەزەرىيىۋى بىلىملەرگە نىسبەتەن زۆرۈر بولغان قوزغىتىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. ماتېماتىكىدا مەشىق خاراكتېرلىك مەزمۇنلاردا قوللانسا بولىدۇ. مېنىڭچە، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە پەنلىرىدە تەجرىبە خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى، ئەدەبىيات، سىياسەت پەنلىرىدە تەھلىل خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى يەكۈنلەشتە قوزغىتىش ئۇسۇلىغا ئوقتىلىق تايانغان مۇۋاپىقراق. ھەممە ئۆلچەم بىر ئۆلچەم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاتمال ئۇسۇل، قاتمال مېتود، قاتمال خۇسۇسىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندىلا، بىر سائەتلىك دەرسنىڭ مۇھىم، قىيىن نۇقتىلىرىنى ۋە دەرسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىلمىي ھالدا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. (1) ئوقۇتقۇچى سۆزلەۋاتقان مەزمۇن ئىچىدىن چاقماق تېزلىكىدە بىر نەچچە ئۇششاق سوئال چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇلغۇلىسىنى قوزغىتىپ، توغرا جاۋاب ئوبيېكتىنى تاللاپ تۇرغۇزۇپ چۈشەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش لازىم. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەزگۈرسىدە شەكىللەنگەن خام، تەرتىپسىز بىلىمنى ئۆزى ئارقىلىق ئۆزگە ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. (2) سۆزلەپ بولۇنغان ئۆتكۈنچى مەزمۇنلاردا ئوقۇغۇچىلارنى سوئال چىقارغۇزۇپ، ئىمكان قەدەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە جاۋاب بەرگۈزۈپ، جاۋابنىڭ توغرىلىقى بايقالغان ئاخىرقى پۇرسەتنى ئوقۇتقۇچى ھەمكارلىشىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. (04)

(ھىسامىدىن ھاجى فوتوسى)



# ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭلار

**7** 179 ـ يىلى يازدا فرانسىيىلىك سىياسىئون كونستانتىن يۈرشى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى گېئورگى ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىدۇ ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ۋاشىنگتون: «يازمىسام يۈرشى ساياھەت قىلالمايدۇ، يازسام مەنمۇ تەڭلىكتە قالىمەن» دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەغەزگە: «كونستانتىن يۈرشىغا ۋاشىنگتوننىڭ تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىشى ھاجەتسىز» ، دەپ يازىدۇ.

يوھان كالۋىن كىلىچ (1872 ـ 1933) ئامېرىكىنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى، ئۇ زۇڭتۇڭلۇق مۇددىتى توشاي دەپ قالغاندا: «مەن بۇ ئىشنى ئەمدى قىلمايمەن» دېگەن مەشھۇر بىر باياناتنى جاكارلايدۇ. مۇخبىرلار ئۇنىڭ ھەققىي گەپنى دەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. زادىلا ئامال قىلالمىغان كىلىچ نائىلاج بىر مۇخبىرنى يانغا تارتىپ: «زۇڭتۇڭنىڭ ئۆسۈش پۇرسىتى يوقكەن ئەمەسمۇ» دەيدۇ.

ئابلاھام لىنكولن (1809 ـ 1865) ئامېرىكىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى، شۇنداقلا ئەڭ چاقچاقچى زۇڭتۇڭ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەنقىد قىلىپ: «سىز نېمە ئۈچۈن سىياسىي رەقىبلىرىڭىز بىلەن دوست بولماقچى بولىسىز، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىڭىز كېرەك ئىدى» دەيدۇ. لىنكولن بۇنىڭغا: «مەن دەل سىياسىي رەقىبلىرىمنى يوقىتىۋاتىمەن، ئۇلار مېنىڭ دوستۇمغا ئايلانسا، سىياسىي رەقىب دېگەن نەرسىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇدە!» دەپ سىلىق جاۋاب بېرىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ 26 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى روزۋېلت (1858 ـ 1919) نىڭ نەرسىلىرىنى بىر قېتىم ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دوستى خەت يېزىپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىدۇ. روزۋېلتمۇ دوستىغا جاۋاب خەت يازىدۇ: «خەت يېزىپ ماڭا تەسەللىي بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، مەن ھازىر ناھايىتى ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتىمەن، خۇداغا شۈكرى، بىرىنچىدىن، مال-بىساتىم ئوغرىلانغىنى بىلەن، ھاياتىم ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم نەرسىلىرىملا ئوغرىلاندى. قالغىنى بار. ئۈچىنچىدىن، ئادەمنى خوش قىلىدىغىنى ئوغرى باشقا ئادەم، مەن ئەمەس.»



ئامېرىكىنىڭ 27 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ۋىليام ۋورۋادتىتون (1857 ـ 1930) ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ سېمىزى بولۇپ، كۆچتۈڭگۈر ئىدى. بىر كۈنى ئۇ سابىق زۇڭتۇڭ روزۋېلتنى يوقلاپ بارىدۇ. ئۇ روزۋېلتنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى داچىسىغا بارغاندىن كېيىن، دېڭىزغا چۆشۈپ سەگدىمەكچى بولىدۇ. دەل شۇ پەيتتە روزۋېلتنىڭ بىر بالىسى دېڭىز بويىدا ئويناپ بولۇپ،

دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىرىدۇ ـ دە: «دادا بىزمۇ دېڭىزغا چۈشۈپ ئۈزۈپ ئوينايلى» دەيدۇ. روزۋېلت بالىسنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «بولمايدۇ بالام، هازىر بولمايدۇ، زۇڭتۇڭ ئەپەندىم هازىر دېڭىز ـ ئوكياننى ئىشلىتىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ» دەيدۇ.

جېرالدى فورت (1913 ـ) ئامېرىكىنىڭ 38 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى، ئۇ تەنە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم ئۇ مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە: «مەن فورت، لىنكولىن ئەمەس» دەيدۇ.

هەممىگە ئايانكى، لىنكولىن ئامېرىكا بويىچە داڭلىق زۇڭتۇڭ هەمدە ئەڭ ئالىي كىچىك ماشىنىغا بېرىلگەن نام، فورت بولسا ئاددىي، ئەرزان ماشىنا، فورت شۇنداق جاۋاب بېرىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كەمتەرلىكىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئاما ئەڭ ئامراق زۇڭتۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكىنىڭ 40 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى رونارت رېگان (1911 ـ) كانادانى زىيارەت قىلغاندا بىر شەهەردە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. نۇتۇق جەريانىدا ئامېرىكىغا قارشى نامايىشچىلار ئۇنىڭ سۆزىنى پات ـ پاتلا بولۇپ قويىدۇ. رېگان كانادانىڭ مېهمىنى سۈپىتىدە زىيارەت قىلغانىدى. كانادا زۇڭلىسى پېئال تېرودو بۇنداق يولسىزلىققا قاراپ ئىنتايىن ئوسال ئەهۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. رېگان كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇنداق ئەهۋال ئامېرىكىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. قارىغاندا بۇ كىشىلەر ئامېرىكىدىن دۆلىتىڭلارغا ئالاهىدە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۇلار ماڭا قانداق كەلسەم شۇنداق قايتىش تەسراتىنى بەرمەكچى بولسا كېرەك» دەيدۇ. بۇ گەپتىن ئوسال ئەهۋالدا قالغان تېرودو زۇڭلىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىدۇ.

رېگان ئامېرىكىغا سەككىز يىل زۇڭتۇڭ بولىدۇ. لېكىن ئۇ: «بەزىلەر مېنى دۇنيادا ئەڭ هوقۇقلۇق ئادەم دەيدۇ، مەن بۇنىڭغا پەقەتلا ئىشەنمەيمەن. ئاقسارايدىكى مەلۇم بىر ئەمەلدار هەر كۈنى ئەتىگەنى ئۈستىلىمگە بىرۋاراق قەغەزنى قويۇپ قويىدۇ. قەغەزگە مېنىڭ هەر 15 مىنۇتلۇقچىلىك قىلىدىغان ئىشىم يېزىقلىق بولىدۇ. مېنىڭچە شۇ ئەمەلدار دۇنيادا ئەڭ هوقۇقلۇق كىشى» دەيدۇ. (02)

(مجىت تۇرسۇن . ت)

## بىباها گۆهەر

بۇ يۇك روسىيە ئالىمى پاۋلوۋ بىر قېتىملىق لېكسىيىسىدە نېمىنىڭ تەربىيە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مۇهىملىقى ۋە تەسىرىنىڭ قانداقلىقىنى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق بىر مەسەل سۆزلىگەن: باغداتلىق بىر سودىگەر تۈن نىسپىدە ئادەمزات كۆرۈنمەيدىغان تاغ يولىدا كېتىۋېتىپ، توساتتىن مۇنداق بىر سېهىرلىك سادانى ئاڭلايدۇ:

ـ ئېگىلىشىڭ، يول ياقىسىدىن بىر نەچچە تال تاش تېرىپ، يانچۇقىڭىزغا سېلىۋالسىڭىز، ئەتە ئەتىگەندە سىز بۇ ۋەجىدىن شادلىق ياكى قايغۇغا ئېرىشىسىز.

سودىگەر شۇنداق قىپتۇ. ئۇ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىز تال تاشنى يانچۇقىدىن ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ بىرى ئالماسقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا ئىككىنچى، ئۈچىنچىسىنى ئالغاندا ۋال ـ ۋۇل يالتىراپ تۇرغان قىزىل، يېشىل ئالماسلار چىقىپتۇ. شۇ ئەسنادا، سودىگەر شادلىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي، ئۆزىنىڭ بىباها گۆهەر تېرىۋالغانلىقىدىن مەمنۇن بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆز ۋاقتىدا ئاز ئېلىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ.

پاۋلوۋ بۇ هېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇنداق ئاگاهلاندۇرغان: «مانا بۇ تەربىيە، ئەگەر سىلەر هەقىقىي ئەقلىڭلارنى تاپساڭلار، ئۆگەنگەن بىلىمىڭلارنىڭ ناهايىتى كەملىكىنى بايقايسىلەر.» (07)

(مۇساجان روزى . ت)

# ياشلار ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىش ئالاھىدىلىكىنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك

★ ئالىمجان مەخمۇت ★

ھەرقانداق بىر كىشىدە مەلۇم نەرسىگە نىسبەتەن مۇئەييەن قىزىقىش بولىدۇ. قىزىقىش ئاساسەن شۇ كىشىنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتى، ئىجتىمائىي شارائىتى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، ئاڭ سەۋىيىسى قاتارلىق ئىچكى-تاشقى ئامىللار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا قىزىقىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆزى سىرلىق ھېس قىلغان بىر ياكى بىر نەچچە كونكرېت نەرسە ياكى شەيئىلەر ئىچىدىن ئۆزىگە كۆچلۈك تەسىر قىلغان گەۋدىلىك بىرەر نۇقتىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ تاللاپ بۇ ساھەدە نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئاساسەن تىرىشچان، خىزمەتتە يۇكسەك مەسئۇلىيەتچان كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ نىشانى ئېنىق، ئىجادچانلىق روھى كۆچلۈك بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قىزىقىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن ئۆزى سىرلىق ھېس قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆزلىرى قىزىققان ھەممىلا ساھەدە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەتىجە قازىنىشنى ئويلىسىمۇ، لېكىن ھەممىلا ساھەگە ئانچە - مۇنچە چېپىلىپ بېقىپلا توختاپ قالىدۇ- دە، ئۆزىدە بار بولغان ئالاھىدىلىكنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالماي، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلاردىنمۇ گۇمان قىلىپ، ئاخىرىدا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

مۇتلەق كۆپ قىسىم ياشلار كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى بېسىش ئالدىدا ئۇلارغا ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئىشلار ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلۇپ، ئۇلاردا ھەممىلا نەرسىگە نىسبەتەن مۇئەييەن قىزىقىشنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي، لېكىن ھەر بىر ياش ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كەسىپنى تاللىشى كېرەك.



سىزدىكى قىزىقىشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزدە قىزىقىش پەيدا قىلغان شەيئىنى چۈشىنىش، ئۇنى ئىگىلەش، شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئۆگىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان غەيرەت-شىجائەت بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىزگە ماس كېلىدىغان كەسىپنى تاللىۋېلىشىڭىز، تىرىشىدىغان نىشانىڭىزنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىشىڭىز زۆرۈر. كونىلار «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان، سىزنىڭ قانداق غايىنى كۆڭلىڭىزگە پۈككۈشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىزدە ئېنىق نىشان، ئىگىلمەس - سۇنماس ئىرادە، يۈكسەك ئىجادچانلىق روھى بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا، كەسىپتە نەتىجە قازىنىپ، تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. (07)

(فاتىخ شەرق فوتوسى)

# مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم

(نەسر)

★ ئابدۇرېھىم ھەكىمى ★

بۇ رۇتۇم خەت تارتىپ، ئاۋازىم بوملىشىپ، قوشنىلارنىڭ قىزلىرى مېنى كۆرسە خۇددى شەپەقتەك قىزىرىپ، يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغان ھېلىقى چاغلاردا، مەن قانداقتۇر بىر خىل ئىچكى ئىنتىلىشنىڭ تۈرتكىسىدە، دادامدىن تەۋەررۈك بولۇپ قالغان ئىككى تارلىق قويچى راۋابىمنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆزۈمچىلا تىرىڭشىتىپ باقىدىغان بولۇپ قالدىم.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن راستىنلا راۋابچى بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، راۋاپقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشامنى ئاڭلاش ئۈچۈن، مەھەللىدىكى قوشنىلار ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئاق ئۈجمىنىڭ تۈۋىگە ھەر كۈنى ئۆزلۈكىدىن يىغىلىدىغان بولۇپ قېلىشتى. مەن بولسام ئاق ئۈجمىنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ كۈمۈشتەك شولىسى ئاستىدا، چېكەمدىن ئاققان تەرنى شاپاق دوپپام بىلەن ئېرتىۋېتىپ ناخشىنى بولۇشىغا تووۋلايدىغان بولدۇم:

مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،<br>
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟<br>
تۇتقازمايسەن قولۇڭنى،<br>
بىرنى سۆيسەم ئۆلەمسەن!؟

ناخشامدىن ھۇزۇرلانغان قېرىلار ساقاللىرىنى سىيلىشىپ:

— بۇ بالا راستىنلا ئاشىق بوپتۇ، — دەپ ئۇھ تارتىپ تارقىشىپ كېتىدىغان بولۇشتى. بىراق مەن ئۇ چاغدا، بوۋايلارنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن «ئاشىق بوپتۇ» دېگەنلىكىنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەنتىم. ئۆزۈمنىڭ بىر قىزغا، قوشنامنىڭ ھېلىقى قىزىغا راستىنلا كۆيۈپ قالغانلىقىمنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن مۇھەببەت قوشاقلىرىنى يادقا ئالدىم، مۇھەببەت داستانلىرىنى ئوقۇدۇم، داستاندىكى ئاشىق يىگىتلەر بىلەن غايىبانە موڭداشتىم، دەرد تۆكتۈم، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. كېيىنچە ئۆزۈممۇ مۇھەببەت قوشاقلىرىنى توقۇدۇم، ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇدۇم. ھەتتا ھەربىر ئېغىز سۆزۈممۇ خۇددى شېئىردەك مەزمۇنلۇق، قاپىيىلىك چىقىدىغان بولدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىمنى مەشۇقۇمغا ئىزھار قىلىشتىن شۇنچىلىك قورقاتتىم. چۈنكى ماڭا ياشتا چوڭراق بىر دوستۇم: «ئەگەر سەن بىرەر قىزغا كۆيۈپ قالساڭ، كۆيۈپ قالغانلىقىڭنى ھېچ كىشىگە تىنماي قىرىق كۈن مەخپىي ساقلىساڭ، سېنىڭ قەلبىڭدىكى مۇھەببەت ئوتى قىرىق بىرىنچى كۈندىن باشلاپ شۇ قىزنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىپ ئۇ سېنى ئىزدەشكە



باشلايدۇ...» دېگەن ئىدى. شۇڭا مەن ئۇ قىزنىڭ ماڭا ئاشىق بولۇشنى، خاسىيەتلىك قىرىق بىرىنچى كۈننىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى، قىسقىسى، ئاشۇ قىزنىڭ مېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشىقلىقىنى، قەلبىمدىكى يېلىنجاۋاتقان مۇھەببەت ئوتىنى پەقەت شىركەيىپ بولغان ۋاقتىمدىلا قاۋاقتىكى ئۈلپەتلىرىمگە ئوتلۇق مىسرالارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق سىرتقا چىقىراتتىم، بۇرۇن ئۆپكە - قېرىننى زاكۇسكا قىلىپ هاراق ئىچىدىغان بۇ ئۈلپەتلىرىم مانا ئەمدى مېنىڭ مۇھەببەت نەزمىلىرىمنى زاكۇسكا قىلىپ هاراق ئىچىدىغان بولدى. مېنىڭ ئوقۇغان نەزمىلىرىم، ئاشۇ مەستلەر ئارقىلىق قاۋاقتىن چىقىپ، ئەل جامائەتكە تارقىغان چېغى، مانا ئەمدى كىشىلەر مېنى كۆرسە «بۇ يىگىت شائىر بوپتۇ...» دەپ هۆرمەت نەزەرى بىلەن قارايدىغان بولدى.

توۋا، مەن شائىر بوپتۇمشمەن، شائىر دېگەن مەخسۇس مەكتەپ پۈتتۈرگەن، مەيدىسىگە قەلەم قىسىپ، بوينىغا گالستۇك چىگىپ يۈرۈيدىغان كىشىلەردىن چىقىشى مۇمكىندى، مەندەك تۈزۈكرەك ئوقۇيالمىغان، ئۈنىڭ ئۈستىگە كېچە - كۈندۈز بىر قىزنى ياد ئېتىپ يۈرۈيدىغان، شۇ قىزنىڭ پىراقىدا يۈرىكى يېرىلايلا دەپ قالغان بىر مەجنۇننى قانداقمۇ شائىر دېگىلى بولسۇن!؟ بىراق كىشىلەر مېنى شائىر ئاتاۋەردى، شائىر دەپ هۆرمەتلەۋەردى. شائىر دەپ، ئوقۇغان نەزمىلىرىمنى بەزىلەر خاتىرىسىگە، يەنە بەزىلەر يۈرىكىگە كۆچۈرۈۋەردى. ماختاش - شۆھرەت دېگەنلەر ئادەمنى ئازدۇرىدىغان ئەڭ رەزىل شەيتان ئىكەن. ئەمدى مەن ئاشىقلىقتىن ۋاز كېچىپ شائىر بولماقچى، هەقىقىي شائىر بولماقچى بولدۇم. چۈنكى ئاشىق ئاتالغاندا، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ ئاددىي بىر قىزنىڭ ئالدىدىمۇ بوراندا قالغان ياپراقتەك تىترىدىم. شائىر ئاتالغانتىم، پۈتۈن خەلق ماڭا هۆرمەت نەزەرى بىلەن سالام بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ نەزەرىمدە، شائىرلىقنىڭ شۆھرىتى ئاشىقلىقنىڭ لەززىتىنى بېسىپ چۈشتى. مەن ئەمدى هەقىقىي شائىر بولۇش ئۈچۈن بېلىمنى مەھكەم باغلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىدىم، ياق، مەن شېئىرنى يېزىپ ئەمەس، بەلكى فابرىكىچى رەخت توقۇغاندەك ئىككى قوللاپ توقۇپ چىقىرىدىغان بولدۇم:

كېچە دېگەن قاراڭغۇ،
تاڭ ئاتقاندا يورۇيدۇ،
يېيىپ قويساڭ كىر يۇيۇپ،
ئاپتاپ چىقسا قۇرۇيدۇ،

مەتبۇئاتنىڭ نەرىگە قارىماڭ، مېنىڭ مۇبارەك ئىسمىم خۇددى مېلى ناچار زاۋۇتنىڭ ئېلان تاختىسىدەك كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدىغان بولدى. مەن ئەمدى تېخىمۇ چوڭ هۆرمەت تەمەسىدە گىدىيىپ يۈرۈۋەردىم، ئەپسۇس، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئاق ئۇغۇت سالغان بوغدايىنىڭ نېنىنى تولا يەپ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەنمىكىن تاڭ، ئۇلار ئەمدى مېنى كۆرسە بۇرۇنقىدەك ئۇن قەدەم نېرىدىن سالام بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە: «بىچارە يىگىت، بىر ياخشى شېئىر يېزىۋاتقانتى، قانداق جىن سوقتىكىن، ياپياش تۇرۇپ ساراڭ بوپتۇ...» دەپ ياقىسىنى چىشلەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، هەتتا قاۋاققا كىرسەم، بۇرۇن ماڭا هۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇن بوشىتىدىغان، سورۇننىڭ ئەڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىدىغان كونا ئۈلپەتلىرىممۇ ئەمدى مېنى كۆرۈپلا ئىچىۋاتقان هاراقلىرىنى بوتولكىسى بىلەن كۆتۈرۈپلا قاۋاقنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. (08)

## غەزەل

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

(كۇمۇش لىنتا مۇكاپاتىغا)

ھارمىدىم ھېچ سايدا ئىشلەپ، يول ياساپ،
دۆڭنى تارتىپ پەسكە ـ تۈزلەپ يول ياساپ.
ئىككى ئون يىل ئاقتى تەرىم شورقىراپ،
ئەل ۋەتەن بەختىنى كۆزلەپ يول ياساپ.
ئىشلىدىم يامغۇر، بوران ۋە لاي دېمەي،
ياغسىمۇ قار قىشتا لەپ ـ لەپ، يول ياساپ.
قاچمىدىم راھەتنى دەپ ئۆي ـ خانىگە،
يول راۋان ـ ئىشلار راۋان دەپ يول ياساپ.
بىر قوشۇق قايناققا تەشنا ـ زار بولۇپ،
چىش كىرىشتى ئاھ ئەسنەپ يول ياساپ،
يەر سىلىنچا، كۆك يىپىنچا بولدى، بىل،
تەندە ماغدۇر پۈتتى، كۆپلەپ يول ياساپ.
شۇ تەرىقە كۈن كەچۈردۈم «ۋاي» دېمەي،
ئۆستى نەرخ، بوي قالدى پەسلەپ يول ياساپ.
يېڭىچە تۇس ئالدى ھەممە ئىش بۈگۈن،
يۈرمىدىم گۇرجەكتە تۈزلەپ يول ياساپ.



## غەزەل

ئالىم مەتنۇرى شۇڭقار

چۈشلىرىم بەكمۇ لەزىز بال تامغۇدەك،
كۆرمىدىم بىر رەت لېكىن مەن قانغۇدەك.
ياخشى كۈنلەر سەيرى قىپ تاپسۇن مېنى،
بۇ يۈرەكلەر ئوت بولۇپ شوخ يانغۇدەك.
مەن نېچۈن يۈرەي ئازاب غەمگە پېتىپ،
نە ئۈچۈن تەلەي مېنىڭدىن تانغۇدەك.
مەيلى تانسۇن بەربىر يوقنىڭ ئىشى،
كۆرگىچە چۈشلەر ماڭا خۇش ياققۇدەك.

## تەييارمۇ ئېيتقىنا ماڭا گۈلدەستەڭ؟

بۇئايشەم ھامىدىن



سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم كۈكۈمدا تەنھا،
بىلدىڭمۇ، يۈرىكىم كەتتى سەن بىلەن؟
ئورنۇمدا قاتقاندەك تۇردۇم بىر ھازا،
تىلىدىم قالسا دەپ قەلبىڭ مەن بىلەن.

سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم كۆزلىرىمدە ياش،
قاچانمۇ كېلەرسەن، سەن مېنى يوقلاپ؟!
ماڭىلا ھەمراھمۇ ئازابلىق ئىگراش؟
ئازامدىم ئەقلىدىن ئىسمىڭنى يادلاپ.

سەن كەتتىڭ مېنىمۇ ئەسكە ئالامسەن؟
يا ئۇنتۇپ قالامسەن يىللار بىلەن تەڭ؟!
شامالدەك ئۇچۇپلا بارسام قېشىڭغا،
تەييارمۇ ئېيتقىنا ماڭا گۈلدەستەڭ؟!

## كۆردۈم.

ھەبىبۇللا ئوسمان

(شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىكى ياش سەنئەتكارلارغا بېغىشلايمەن)

مۇقام ئەجدادلىرى ئاچقان تۈگىمەس خەزىنىنى كۆردۈم،
بۈگۈن ئەۋلادلىرى قۇرغان جۇلالىق بەزمىنى كۆردۈم.
گويا مېھمان بولۇپ شۇدەم قىدىرخانىنىڭ ھۇزۇرىدا،
ناۋائى، نۆبىتى، مەشرەپ، نىزارى، نەزمىنى كۆردۈم.
مۇقاملار كۈيىگە تەڭكەش غىجەك، تەمبۇر، راۋاب، دۇتار،
ئاڭا جور چاڭ بىلەن قالۇن، ساتار، داپ پەيزىنى كۆردۈم.
ئەزىم دەريا تىرەن ۋەزنى ئاشۇ نادىر مۇقاملارنىڭ،
ئاڭا ۋارىس بوغۇنلارنىڭ قان ـ تەر، ئەجرىنى كۆردۈم.
سۆيۈندۈردى مۇقام ئەۋجى، ئاڭا مەپتۇن كۆڭۈللەرنى،
يۈرەكتىن ياڭرىدى ئالقىش، مىراسنىڭ قەدرىنى كۆردۈم.
نيۇ- يورك ھەمدە ئىستانبۇل، يىراق پارىژ ۋە لوندوندىن،
بۈيۈك مەھمۇد دىيارىغا تەشەككۇر لەۋزىنى كۆردۈم.
دىلىمدىن ئىپتىخار ئەيلەپ ئۇلۇغ ئەجداد مىراسىغا،
ئانام بۇغداغا ھۆرمەتتە ئىگىلگەن بەللىنى كۆردۈم.
چېچەكلەپ مېۋە بەرگەي كۆپ ئۈمىدۋار مەن شۇ كارۋاندىن،
مۇقاملار يەنە جەۋلاندۇر، ئاداققى پەللىنى كۆردۈم.

## قۇياش مېنى سۆيدى ئانامدەك

مۇساجان يۇنۇس

مەن خوشلىشىپ مۇردام بىلەن،
چىققىنىمدا لەھەت ئىچىدىن،
قۇياش مېنى سۆيدى ئانامدەك.
مەن خوشلىشىپ مۇردام بىلەن،
چىققىنىمدا دوزاخ ئىچىدىن،
جاھان ماڭا بىلقتى ئاتامدەك.
مەن خوشلىشىپ مۇردام بىلەن،
ئۆرتەپ گۆرۈمنى،
سوروپ كۆلۈمنى،
كەلگىنىمدە يېڭى دۇنياغا،
پۈتكۈل كائىنات،
جىلۋە قىلدى ماڭا جانانەدەك.
مەن خوشلىشىپ مۇردام بىلەن،
باققىنىمدا ئالەمگە قايتا،
ئالەم ماڭا بىلىندى جاندەك.



## ئىككى شېئىر

ئابلىز ئۇبۇل غوتتان

### گىتار چالىمەن

كۆز تىككەنچە كۆككە ھەر ئاخشام،
خىياللاردىن ھۇزۇر ئالىمەن.
ئاي سىياقى كۆرۈنسە نىگار،
ھاياجاندىن گىتار چالىمەن.

### نەپرەت

كۆزلىرىڭدىن ياشلار ئېقىتىپ،
كۆيدۈم دېگەن لەۋزىڭدە ماڭا.
كۆيگەنلىرىڭ ئاران ھەپتىمۇ،
دىلدا نەپرەت قوزغالدى ساڭا.

## ئىلتىجا

ئابدۇغېنى ھامۇدى

قەلبىمنى ئۇۋۇلغان ئەي گۈل سىياقلار،
قاشلىرى تاغدەكى بەرگى - قىياقلار.
چېھرىڭلار كۆزۈمنىڭ قىبلىگاھىدۇر،
مەن گويا پەرۋانە سىلەر چىراغلار.

جەننەتنىڭ ھۆرلىرى دېيمۇ سىلەرنى،
لەۋلىرى جىنەستە كۆزى بۇلاقلار.
ئاي كەبى يۈزۈڭلار ئالتۇن نۇردىن،
نۇرلىنار ھەمتاكى يىراق - يىراقلار.



قەلبىڭلار پاكلىقى - پاكلىققا ئەنداز،
ئەي پاكلىق بابىدا يېگانە - تاقلار.
پاك سۆيگۈ ئىشقىمنى ئەيلاڭلار قوبۇل،
ئالمىسۇن جېنىمنى ئاتەش پىراقلار.

## ئۆتۈنۈش

ئۇمىدجان قادىر

ۋۇجۇدۇڭدىن نۇر تارايدۇ - نۇر،
سەن قەلبىمدە گويا پەرىشتە.
ئەپسۇس، بىللە ئېيتالمايمەن خوش،
مەن زېمىندا، سەنكى ئەرشتە.

كۆل سىمايىڭ قوزغار ھەۋەس - زوق،
ئىنتىلىشتە ئۆتىمەن پەقەت.
چىقاي دېسەم مەندە قانات يوق،
سەن زېمىنغا چۈشكىنە بىر رەت.



## پارچىلار

ئابلىكىم ئۆمەرجان

خىزمەت قىلاي دېسەڭ ئانا ئېلىڭگە،
پەن - بىلىمدىن نەقىش ئويغىن دىلىڭگە.
«بىر بىلىملىك يېگەر مىڭنى» بەر ھەق سۆز،
بىلىم دېمەك كۈچ - قۇۋۋەت روھ تېنىڭگە.

× × ×

ئەجەلنىڭ پەيكانى قارىماس ياشقا،
ئۇ ئۇدۇل كەلگەنچە تېگىدۇ باشقا.
ئۆمرۈمدىن بىر بەلگە قالدۇراي دېسەڭ،
ياشلىقتا بىلىمدىن مۆھۈر ئوي تاشقا.



تەھرىرى: 09
(ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت)



↑ تېمىسىز    ۋۇزۇۋاڭ سىزغان.



↑ كەيىپ بىلەن قايتىش



← سېھىرلىك قول    جاڭ ۋېي سىزغان.



↑ ئۆتۈنۈش






# خوتەندە كوللېكتىپ توي

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى كەيپىيات تىكلەش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق بەش ئورۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، «ناچار ئۆرپ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، توينى ئاددىي ساددا ئۆتكۈزۈش» توغرىسىدا بىرلەشمە تەشەببۇسنامە ئېلان قىلدى. 1-ئاينىڭ 28-كۈنى بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشقان 14 جۈپ قىز-يىگىتنىڭ كوللېكتىپ تويى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. توي مۇراسىمى جەريانىدا كىشىلەر خوتەن-بويا ناشىولى قەھرىمانلار مونارىغا بېرىپ گۈل چەمبىرەك قويدى. كوللېكتىپ تويغا ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن زەينەپخان ئابدۇللا، ياڭ گۇاڭياۋلار قاتناشتى.

(سۈرەتلەرنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەمىنلىگەن) ئىركىن بەكرى خەۋىرى









گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم

گۈزەل تاغلار ۋە باغلار

پوچتا نومۇرى: 830002
باھاسى: 2.35 يۈەن
خەلقئارا نومۇرى: ISSN 1002 — 9109
دۆلەتلىك نومۇرى: CN65 — 1029 / C



قەدەم تەش
رىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى
قىرىقتاغ يېنىدىكى چوڭ
كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق.
يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىت
ـاق كومىتېتى خىزمەت
بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىدە

تېلېفون
نومۇرىمىز

باش مۇھەررىر: 2818146
ئۇيغۇر بۆلۈمى (1): 2817081
ئۇيغۇر بۆلۈمى (2): 2825064
رەسساملار بۆلۈمى: 2816109
خەنزۇ بۆلۈمى: 2817079
مەمۇرى بۆلۈم: 2818445

ئەسەر
ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىزنى كۆتۈپ تەقا
مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى
شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى
9 - قورا — «شىنجاڭ ياشلىرى»
ژۇرنىلى رېداكسىيىسى
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

مۇشتەرى
بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا 360 كۈنلۈك

新華書店
.0039.129704
RMB 2.35